2008.2



# ئەدەبىي تەرجىمىلەر

# 文学译丛

# ئاتاقلىق ئەدىبىي تەرجىمان راخمان مامۇت ئەدەبىي تەرجىمە ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر








سۈرەتلەرنى ئەييۇب ياقۇپ تارتقان


مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەيسەر قەييۇم (ئالىي مۇھەررىر)

تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى: قادىر راخمان (ئالىي تەرجىمان)

تەھرىر ھەيئەتلەر: [illegible]

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇزەپپەر [illegible]

# ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك

## ۋېن جىاباۋ

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئاساسىي رولى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش، ئۇلارنى ئەخلاقىي پەزىلەت جەھەتتىن تاۋلاش، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ رولنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ئۈچۈن ئىزدىنىشى كېرەك.

بىز دەۋاتقان «چىنلىق» رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ھەقىقىي ھېسسىياتنى ئىپادىلەش، ھەقىقەتكە ئىنتىلىش يەنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش، دۇنيانىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشتۇر. ھەقىقەت ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئىنتىلىشىدۇر. «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ «دېموكراتىيە ۋە ئىلىم ـ پەن» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكى دەل ھەقىقەت ئۈچۈن ئىزدىنىشتۇر. جوڭگونىڭ پارلاق كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتكۈل خەلقنىڭ ھەقىقەتكە ئىنتىلىش ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى، پەيلاسوپلار، ئەدىب ۋە سەنئەتكارلار تېخىمۇ ئەركىن، دېموكراتىك بولغان ئىلمىي كەيپىيات ئاستىدا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرلىرى، جەمئىيەت مىزانلىرى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى كېرەك. زادى كىمنىڭ ھەقىقەتنى ياقىلىغانلىقى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىشى بىلەن ئايرىلىدۇ، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمىدۇر. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە راست سۆزلەشنى تەشەببۇس قىلىش، ھەقىقىي ئىجتىمائىي ئىشلارنى ئەكس ئەتتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ ھەقىقەت ئۈچۈن ئىزدىنىشىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

بىز دەۋاتقان «ياخشىلىق» جوڭگونىڭ پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن ھەقىقەت ئىزدەش جەريانىدا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا كۆيۈنۈش ۋە ئاسراش دېگەنلىكتۇر. «ئەخلاق رەھمدىل سىياسەتنى يولغا قويۇش، ھاكىمىيەت خەلققە كۆيۈنۈشكە باغلىق»، بۇ نەسرنامىدىكى سۆز. «ئۆزۈڭ راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغا تاڭما»، بۇ «مۇھاكىمە ۋە بايان» دىكى سۆز. بۇلاردا «ياخشىلىق» سۆزلەنگەن. بۈگۈن بىزنىڭ «ياخشىلىق» نى تەكىتلىشىمىز كىشىلەرنىڭ دوستانە بىللە ئۆتۈشىنى، ئىتتىپاق بولۇش، ئۆز ئارا ياردەملىشىش، سەممىيلىك، ئىناق بولۇشنى تەلەپ قىلىشتۇر. ھەر بىر كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ، جەمئىيەت ۋە خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلىشىنى تەشەببۇس قىلىش ـــ ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشقا پايدىلىق بولغان ئەخلاق ئۆلچىمىنى تۇرغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلىشتۇر. كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىك ئىرادىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەممە كىشىنىڭ ئەركىن تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشقا ئىلھام بېرىشتۇر.

«ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەركىن تەرەققىياتى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەركىن تەرەققىياتىنىڭ شەرتىدۇر»، بۇ ماركس، ئېنگېلسلار «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دا ئوتتۇرىغا قويغان سۆز. بۇنىڭ ئۈچۈن، دېموكراتىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئادىللىق ۋە ھەققانىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىنسانىي ھوقۇق ۋە ئەركىنلىككە كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر. ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ياخشى شەيئى ۋە ئىشلارنى ئاكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈشى ۋە زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇشى كېرەك. بۇ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق.

بىز دەۋاتقان «گۈزەللىك» چىنلىق ۋە ياخشىلىقنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، كىشىلەرگە مەنىۋى شادلىق بېغىشلاشتۇر. گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئىنسانىيەتنىڭ تۈپ ماھىيىتى بولۇپلا قالماي، يەنە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ سىمۋولى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەدرىجىي تەرەققىياتى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنىڭ ئۇنىۋېرسال مەھسۇلى، ئىنسانىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپىنىڭ ئۇنىۋېرسال مەھسۇلى. جوڭخۇا مىللەتلىرى قەدىمدىن گۈزەللىككە ئىنتىلىپ كەلگەن مىللەت.

بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىللار بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن «شېئىرنامە» دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇنقى لىرىك شېئىرلاردۇر. بىز دەۋاتقان «شېئىر ـ ئىرادىنىڭ ئىپادىسى، ناخشا ـ غايە ساداسى، ئۇسسۇل ـ قەلب ئىپادىسى» دېگەن سۆزلەر كىشىگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. جوڭگو مەدەنىيىتىدىكى شېئىر، ناخشا قوشاق، رەسىملەر، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللار، دراما، ھەيكەلتىراشلىق ۋە قۇرۇلۇشلار.... دۇنيادا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

بىزنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىمىز چوقۇم ئۈزلۈكسىز تۈردە گۈزەللىكنى يايقىشى، گۈزەللىك يارىتىشى ۋە كىشىلەرنى گۈزەللىكتىن بەھرىمەن قىلىشى كېرەك. جاۋدېن ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىدە مۇنداق دېگەن: «ئادەم مەيلى ھايات بولسۇن ياكى ئۆلۈپ كەتسۇن، باشقىلارنى ھەرگىز غەم ـ ئەندىشىدە قويماسلىقى كېرەك، سەنئەتكار ھەرقانداق ۋاقىتتا كىشىلەرگە گۈزەللىك، چىنلىق ۋە بەخت ئاتا قىلىشى كېرەك» ئۇنىڭ ۋەسىيىتى خۇددى ئۇنىڭ سەنئەت پائالىيىتىگە ئوخشاش خەلق قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدۇ.

(«خەلق گېزىتى» نىڭ 2006 ـ يىل 29 ـ نويابىر سانىدىن)

2008 ـ يىل 2 ـ سان

# ئەدەبىي تەرجىمىلەر

ھەر ئايىنىڭ 1 ـ كۈنى
نەشرىدىن چىقىدۇ

## بەت بوسۇغىسى

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك ..... ۋېن جياباۋ (ئۆمەرجان ئىسمايىل ت) 1

## پوۋېست

قاراڭغۇدىن قورقىمەن........................ جياۋيې (نىلۇفەر مۇسابايېۋا ت) 3

## ھېكايىلەر

تىلەمچىگە ياتلىق قىلىنغان ساھىبجامال ........................ لۇشىنجيەن (ئابلىز مۇھەممەت ت) 41
چاتاق چىققان ئايال ھاكىم ........................ ليۇگوفاڭ (ئايجامال گاسىل ت) 44
ئانا تىل ھۆكۈمرانلىقىنى تالىشىش ........................ ۋاڭ جۈنخۋا (پولات ئامانىيار ت) 47
ماياك ........................ ياڭ جيەنگۇ (ئابدۇرۇسۇل مۇھەممەت ئەلتۇغ ت) 50
بىر تال تاماكا قالدۇقى ........................ ليۇشاۋچۈەن (مۇنىرە تۇقسۇن ت) 52

## شېئىرلار

يېڭى نىلۇپەر تۇپلىمى ........................ يۈەن رېن قاتارلىقلار (ئېرشادىي ت) 54

## فېليەتونلار

چۈمپەردە ........................ جياڭ تيجۈن (كامالجان تالىپ ت) 58
ئىمزا ........................ يۈبياۋ (كامالجان تالىپ ت) 60
ئۈچ نامرات ........................ سۇن يۇڭ (ئابلىمىت ئابلەت ت) 62

## چەت ئەل ئەدەبىياتى

بالا قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس ........................ [رۇسىيە] ئاندىرى سىملياگىن (ئاينۇرە نەئىم ت) 64

## ئۈنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن

قەدىمقى يۇنان ۋە ياۋروپا مەدەنىيلىكى — ژان پيېر ۋېلنان بىلەن سۆھبەت........................
........................ دايۇ (غۇجائەخمەت يۇنۇس ت) 66
ئارخىپخانىدىكى مۇتلەق مەخپىي ھۆججەتلەر ........................ جون باررون [ئامېرىكا] (غوپۇر قادىر ت) 72

## ھەيرانباغ

1947 ـ يىلى فرانسىيە كوممۇنىزمدىن قانچىلىك يىراقلىقتا ئىدى ....... ماھىنۇر ھاجى ياقۇپ ت 83

## تەرجىمە تەتقىقاتى

راخمان مامۇت تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋاپىيەقىيىتى ھەققىدە ....... ماھىنۇر ھاجى ياقۇپ 91

ئۈرۈمچى دىلكار كومپيۇتېر سودا ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە تىزىلدى
مۇقاۋىدىكى رەسىم بەيدۇ توردىن ئېلىندى، ماۋزۇ رەسىملەرنى **خۇاڭ يۇڭجۇڭ** سىزدى
كوررېكتور: **قەييۇم تۇرسۇن**، بەتچىك: **مەريەمگۈل ، خاسىيەت**



# قاراڭغۇدىن قورقىمەن

**چياۋ يې**

**نىلۇفەر مۇساباييېۋا تەرجىمىسى**

1

لىيۇپا ئېرى شياۋلودىن پاھىشە ئۆيىنىڭ دەپ ئاجرىشىپ كەتتى. شياۋلو ئىقتىسادىي تەپتىش ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ. بۇ ئىدارە باشقىلارنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلايدىغان ئىدارە، بۇ دېگەن ئوڭاي ھوقۇق ئەمەستە. نام دېسە نام، ھوقۇق دېسە ھوقۇق بار. نېمىدېگەن ياخشى ئىدارە ـ ھە! نامىنىڭ ئۆزىلا پۇلغا يارايدۇ. بۇ ئىدارىنىڭ ياخشىلىقى شۇ يەردىكى، «ئىقتىسادىي تەپتىش ئىدارىسى» دېگەن ۋىۋىسكىسىنىڭ سايىسىدا ئوبدانلا سايىدىغىلى بولىدۇ. ئالايلۇق، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىنىڭ كىيىم ـ كېچەكنى خەق ساڭا سوڭغۇتۇپ تۇرىدۇ. «تىمساھ» ماركىلىق دەمدۇ، «بايۋەچچە» ماركىلىق دەمدۇ، ئىشقىلىپ نى ـ نى داڭلىق ماركىلىق ئاياغ كىيىملەرمۇ ئىشخاناڭغا دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قاتار تىزىدىغان بولساڭ، بىر كوچىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا چىقىپ كېتىدۇ. لېكىنزە، خەق سوڭغۇتكەن نەرسە ھەر قانچە ئېسىل بولۇپ كەتكەن بىلەنمۇ، ھېچ كىم ئۇنىڭ باھاسىنى «قانچە پۇل» دەپ سوراپ ئولتۇرمايدۇ. ھەتتا ئۇنداق نەرسىلەرگە پەرۋا قىلىپ كېتىدىغانمۇ ئادەم يوق. چۈنكى، بۇ ئىشلار گويا ئىشخانىدىكى ئەينەكتەك ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە ئايان. ئۇ يەردە قانچە ئۇزاق ئىشلىگەنسېرى ئۇنداق ئىشلار شۇنچىلىك ئايدىڭ بولۇپ كېتىدۇ. ئىقتىسادىي تەپتىش ئىدارىسى دېگەن چاشقان ئۇرىدىغان پالاق، دېگۈچىلەرمۇ بار. ئۇلار پالاق بىلەن چاشقاننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىلەنمۇ، گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ دېمەكچى. لېكىن، بەزىلەر بۇنداق گەپلەرنى خوپ كۆرمەي، چاشقان دېگەن پالاقنىڭ ئاستىدىن ئۆملەپ ئۆتىدۇ، ئۆملەپ ئۆتكىچە ئانچە ـ مۇنچە ئۆزىنىڭ ئىس ـ بۇسىنى

قالدۇرۇپ قويماي ئۆتۈپ كېتەلەمدۇ؟ دېگۈچىلەرمۇ بار. بۇنداق ئىس - بۇس شياۋلونىڭ بۇرنىغا پۇرىماي قالمىدى. ئۇ كۈنى كېچىدە ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، سائەت 11 دىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

— يەنە هاراق ئىچتىڭىزمۇ؟ - دېدى ليۇپا سائەتكە قاراپ قويۇپ.

— شۇ ئەمەسمۇ.

— كىم بىلەن؟

— ئۆتكەن ئايدا مۇهىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ هېساباتىنى تەكشۈرگەنىدۇق. بۈگۈن ئۇلارنىڭ باشلىقى مېهمان قىلدى. ۋاڭ باشقارما باشلىقى مېنى بارمىسىڭىز بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى.

ۋاڭ باشقارما باشلىقى شياۋلو ئىشلەيدىغان باشقارمىنىڭ باشلىقى. شياۋلو ئۆزىنىڭ باشلىقى بىلەن هاراق ئىچكىلى بارسا، ليۇپا ئادەتتە ئۇنىڭغا هېچ نېمە دېمەيتتى. شۇڭا، ليۇپا ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ بۈگۈن ئىچكىنىگە ئېرەنمۇ قىلىپ كەتمىدى. لېكىن، شياۋلونىڭ ئاخىرقى بىر گېپى ئۇنىڭ كۆڭلىگە شەك كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇ شياۋلونىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇلار توي قىلغاندىن بۇيان شياۋلو ئۇبدانلا تەن قويۇپ، سەمرىپ قالغانىدى. يۈزىگىمۇ مىققىدە ئەت قونۇپ قالغانىدى. تېرىسى مايلىق بولغاچقىمۇ، يۈزىگە دانىخورەك چىقىپ كېتەتتى. ئۇ ليۇپانىڭ ئۆزىنىڭ يۈزىدىكى دانىخورەكلەرنى سىلاپ ئولتۇرۇشىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇ كېيىمىنى ئالماشتۇرۇۋېلىپ، ليۇپانىڭ يېنىغا كېلىپ يانپاشلىدى - دە، بۇ ئارزۇسىنى ئەركىلەش بىلەن ئىپادىلىدى. لېكىن، ليۇپا قىمىر قىلىپمۇ قويمىدى.

— تېز بولۇڭە، يات جىنسلىقلار تۇتۇپ قويسا، مىنۇتىغا ئون يۈەن بېرىمەن، — دېدى شياۋلو ليۇپانىڭ قولىنى تۇتۇپ، ليۇپا قولىنى «شارتتىدە» تارتىۋالدى.

— قايسى رېستوراندا ئولتۇردۇڭلار مۇ-شۇنچىلا كەچ قالغۇدەك؟ — دېدى ليۇپا. ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىۋاتقاندا، باشقارما باشلىقى ۋاڭنىڭ خوتۇنىنى ئۇچرىتىپ قالغانىدى. ئىككىيلەن كۆرۈشۈپ، بىر - ئىككى ئېغىز پاراڭلاشتى. ئۇ ئايال ليۇپاغا بۈگۈن توي قىلغانلىقىمىزنىڭ 20 يىللىقى، ئۇبدانراق بىر خاتىرىلەيلى دەۋاتىمىز، دېگەنىدى. توي قىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلىمەكچى بولۇۋاتقان بىر ئايال قاراپ تۇرۇپ ئۇنى ئالداپ يۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنداق بولغاندا، باشقارما باشلىقى ۋاڭ بۈگۈنكىدەك كۈنلۈكتە ئۇ يەرگە هاراق ئىچكىلى بېرىپ يۈرمەسلىكى مۇمكىن، بارغان تەقدىردىمۇ، بۇنچىلا كەچ قالمايدۇ. ئۇنداقتا، شياۋلو بۇ چاققىچە نەدە يۈردى؟

— «بامبۇكزارلىق رېستورانى»غا باردۇق. ئۇ يەردە ئوندىن ئاشقىچە ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئانچە - مۇنچە ناخشا ئېيتتۇق.

«بامبۇكزارلىق رېستورانى» يېڭى ئېچىلغان رېستوران ئىدى. دېمىسىمۇ، ئىسمىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئالدىغا بامبۇك تېرىپ قويۇلغانىدى. مۇشۇنداق ئانچە - مۇنچە تۈزەشتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، يېڭى ئېچىلغاندا خېرىدارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنىدى.

— باشقا ئىش قىلمىدىڭلار؟

— سىزچە، باشقا نېمە ئىش قىلسام بولاتتى؟ —دېدى شياۋلو كۈلۈپ.

— ئىدارە باشلىقى ۋاڭمۇ باردىما؟

— باردى.

— ئۇ ناخشىنى قانداق ئېيتىدىكەن؟

— تۆۋەن ئاۋازى مۈشۈك مياڭلىغانغا، يۇقىرى ئاۋازى بۆرە هۇۋلىغانغا، يۇقىرىمۇ ئەمەس، تۆۋەنمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ئاۋازى ئىت قاۋىغانغا ئوخشايدىكەن، بىراق، چاۋاك دېگەن ياغراپ كەتتى.

شياۋلونىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ قالدى. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ بۇ قىزىقچىلىقى ليۇپاغا باشقىچىلا تۇيۇلۇپ كەتتى - دە، شياۋلو يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، دېگەن يەرگە

4

كەلدى. باشقارما باشلىقى ۋاڭنىڭ رېستورانغا بېرىش ئېھتىماللىقىنى ئون پىرسەنت دېسەك، مۇشۇنداق بىر كۈندە خوتۇنىنى ئۆيىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى تالادا ناخشا ئېيتىپ يۈرۈش ئېھتىماللىقىنى مىنۇس ئون پىرسەنت دېيىشكە بولىدۇ. باشقارما باشلىقى ۋاڭ دېگەن خوتۇنىنىڭ سايىسىدە مۇشۇنچىلىك بولغان ئادەم. بۇنى كىم بىلمەيدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا، شياۋلو نېمىشقا يالغان سۆزلەيدۇ؟

— ھە، گەپ قىلىۋېرىڭ، — دېدى ليۇپا سوغۇققىنە، ليۇپا ئۇنىڭ يالغان گېپىنىڭ تېگىدە بىر ئايالنىڭ «تىككىدە» ئۆرە تۇرغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. ھېسابات ئېنىقلاشتەك خىزمەتنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان شياۋلو ئەتىدىن ـ كەچكىچە يالغان ھېسابات تۇرغۇزۇش بىلەن شاپاشلاپ يۈرىدىغانلارنىڭ نەقەدەر ھېيلىگەر، قارام ئىكەنلىكىنى بەش قولدەك بىلىدۇ، ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇنداق يالغان ھېساباتلارغا كۆمۈلۈپ يۈرگىنىگە ئۇزاق بولدى. بۇ جەھەتتە مەنمۇ خېلى پىشىپ قالدىم، دەپ يۈرەتتى. ئويلىمىغان يەردىن بىر پەشۋاغىمۇ يارىماي قالدى. ليۇپادەك بۇنداق ھېساباتقا پىششىق ئادەم ئالدىدا، يالغانچىلىق قىلغانلىقىنى تەن ئالماي بولمىدى. ئۇ ئويلاپ ئولتۇرمايلا، ئۆزى دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش» دېگەن گەپ بويىچە ئىش كۆرۈش نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىر ئېغىز، ئىككى ئېغىز دەپ، قىلغان ئىشلىرىنى ليۇپانىڭ ئالدىدا تۆكۈۋەتتى. يالغان ھېساب كۆرسىتىش ئادەمنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتىدىغان ئىش. تېزنى باسسا، مېزى چىقىپ تۇرىدىغان ھېساب دېگەن ئادەمنىڭ تېخىمۇ جېنىنى ئالىدۇ. ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۆزى بالا تېرىپ، ئاشنا ئويناۋاتىمەن دېگەندىن كۆرە، بىر قېتىم پاھىشە ئويناپ سايتىمەن، دېگەن تۈزۈك. چۈنكى، پاھىشە ئويناپ قويسا، بىر قېتىم تاسادىپىي چىقىم تارتىدۇ، ئاشنا دېگەن پاھىشەگە ئوخشىمايدۇ، ئاشنا دېمەك ئادەمنى ئۇزاق مۇددەت خورىتىش دېمەكتۇر. شۇڭا، پاھىشە ئويناپ سالدىم، دېسە ليۇپا ئۇنى ئوڭايراق كەچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

— راست دەۋاتىمەن، ساقىلىمنى ئالغۇزۇۋالاي، دېسەم، قانداق بولۇپ كەتتى، ئۆزۈممۇ ئۇقماي قالدىم، مېنى ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن ئىتتىرىشىپلا ئىچكىرىگە ئەكىرىپ كەتتى. قارىسام، باشقىچە تۇرىدۇ، كېتەي دېيىشىمگىلا، ئۇلار: كەتسىڭىز، ئادەم چاقىرىمىز، دەپ تۇرۇۋالدى.

— نېمە، ئۇلار؟ قانچىسى؟

— بىرى، بىرلا، يەنە بىرى ئىشىككە قاراپ تۇردى.

— بىرلا؟ ئاز كېلىپ قاپتۇ ـ دە، ئۆكۈنۈۋاتامسىز؟

— ئاغزىڭىزغا كەلگەننى دېگىلى تۇردىڭىزغۇ ئەمدى.

— مەنغۇ دەپتىمەن، سىز قىلغۇڭىز كەلگەننى قىلىپ يۈرۈۋاتىسىزغۇ.

— سىز زادى نېمە قىلماقچى؟ — دېدى شياۋلو بۇنداق گەپتىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ.

— مەن نېمە قىلالايتتىم؟ — دېدى ليۇپا ئەسلىي گەپكە كېلىپ، — ئۇلار ئادەم چاقىرىمىز، دەپ تۇرۇۋالدى دەيسىز، ئۇلار قانداق چاقىرىدىكەن؟

— بىلمىدىم، ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. بىرەرسىنى چاقىرىپ كىرسە، چۈشەندۈرۈپمۇ چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. ھېچ نېمە قىلمىساممۇ، مېنى قىلدى دەپ تۇرۇۋېلىشتىن يانمايدۇ.

— شۇڭا، قىلغۇلۇقنى قىلىۋېلىپ، ئۆيگە كېلىپ مېنى ئالدىماقچى بوپسىز ـ دە، ئالدىيالىسام ئالدىدىم، ئالدىيالمىسام باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن، دېمەكچىمۇ؟ ئىشقىلىپ، بىز ئەر ـ خوتۇن بولغاندىن كېيىن، سىزنى مەن ھېچنېمە قىلىۋېتەلمەيمەن، شۇنداقمۇ؟

— ليۇپا!

— سىزنىڭچە ئۇلار راستتىنلا ۋارقىراپ، جارقىراپ ئادەم چاقىرارما؟

— كىم بىلىدۇ، قورقۇپ كەتتىم.

— قورقۇپ كەتتىم ئەمەس، تازا خۇشياقتى دەڭ، ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق دەپ تەھدىت سېلىشلىرى ئىچ پۇشۇقىڭىزنى چىقىرىۋېلىشىڭىزغا باھانە بولۇپ بېرىپتۇ - دە. سىز ئۇلارغا ماسلاشمىسىڭىز، ئۇلار ئۇنداق ئىشنى قىلالامدۇ؟

— ليۇپا، ئىككىمىز توي قىلغىلى ئۈچ يىل بولدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنى پەقەت چۈشەنمەمسىز؟ مېنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرمەسىڭىزچۇ، قانداق بولامدۇ؟

— مەنمۇ تالادىن بىرسىنى تېپىۋالسام، مېنى يەنە خوتۇن قىلىپ يۈرۈۋېرەمسىز؟

— بۇنداق بولارىنى ئويلىماپتىمەن. مەنمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تۇرسام! — دېدى شياۋلو ۋارقىراپ، — مېنى ئاشۇ پاسكىنا مېكىيانلارنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ قالدىڭىزما؟

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن تېخىمۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن، — دېدى ليۇپا، — بۇنداق قىلغاندىن كۆرە، بىرەر ئاشنا تۇتۇۋالغان بولسىڭىز، بۇنچىۋالا خاپا بولۇپ كەتمەس بولغىيتتىم.

ئۇلار مۇشۇنداق دە - تالاش قىلىپ، نەچچە قېتىم تۇتۇشۇپ قالدى. ياستۇقلار خۇددى ئايروپىلاندەك ئۇياقتىن - بۇياقتىن ۋىڭىلداپ ئۇچقىلى تۇردى. قاچا - قۇچىلار زەمبىرەكنىڭ ئوقىدەك يەرگە چۈشۈپ، «گۇم» قىلىپ پارتلىغىلى تۇردى. كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتكەن ئەينەك پارچىلىرى مىناغا، تازىلىق ئۆيى ئىستىھكامغا ئايلىنىپ قالدى. كەسكىن ئۇرۇش، سوغۇق ئۇرۇش دېگەنلەر ئۆكسۈمىدى، ئۇرۇش بولماي، تىنچ ئۆتكەن دەقىقىلەرمۇ بولدى، ئەلۋەتتە. لېكىن، ليۇپانىڭ ئىستىھكامى بولغان شياۋلو يەنىلا ئىشغال قىلىنمىدى. ئۇلار ئاجرىشىپ كەتتى. ئۆي شياۋلونىڭ بولغاچقا، ليۇپا كۆچۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ يېنىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بارغۇسى كەلمەي، ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى. ليۇپا نېمىشقا ئاجرىشىپ كەتتىڭلار؟ دەپ سورىغانلارغا، ئارىمىزغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالدى، دەپ ئەڭ ئادەتتىكى گەپ بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

— ئەر - خوتۇن كەچكىچە بىر قازاننى چۆرگىلەپ يۈرسە، كىمنىڭ كۆڭلى سوۋۇمايدۇ؟ سوۋۇسىمۇ ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتتۈۋاتقانلار كۆرمىگەنغۇ، — دېدى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىكى نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتەيدىغان ھېلىقى ئايال.

— يېڭىسى تەلمۈرۈپ تۇرسا، كونىسى بىلەن ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈم كەلمەي قالدى، — دېدى ليۇپا كۈلۈپ.

— قايتا ياتلىق بولۇپ كەتمىسىڭىزلا، سىز تا مېنى كەچۈرگىچە كۈتىمەن، — دېدى شياۋلو ئۇلار بىللە تۇرغان ئاخىرقى بىر كۈنى كېچىسى، — ھەممە تەرىپىڭىز شۇنداق ياخشى، لېكىنزە، قورسىقىڭىز سەل كەڭرەك بولۇپ كەتكەن بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. تۇرمۇشنىڭ چىن مەنىسىنىڭ كەڭ قورساق بولۇش ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلىپ قالىسىز.

**2**

ليۇپا «قورۇما يېسەڭ گۆشىنى يە، كىيىم كىيسەڭ پاختىلىقىنى، چېنىقىمەن دېسەڭ پىيادە ماڭ، باشلىق بولساڭ مۇئاۋىنى» دېگەن خەلق قوشىقىنىڭ ئالدىنقى ئۈچىنىغۇ ھازىر ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ. ھازىر ئۇ ئىشقا كۈندە پىيادە بېرىپ - كېلىدۇ. پىيادە مېڭىپ سەل چارچاپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، يەڭگىللەپ قالدى. ئىدارىسىدىن ئۆيىگە يەتتە بېكەت يول. ھەر بىر بېكەتنى بەش مىنۇت ماڭسا، يەنە بىناغا چىققىچە بولغان ۋاقىتنى ھېسابلىغاندا، 40مىنۇت ماڭىدۇ. ئۇ قايسى بىر تېببىي ژۇرنالدىن كۈنىگە 40 مىنۇت پىيادە مېڭىپ بەرسە، ئىككى ھەپتىدە بىر كىلوگرام ئورۇق-

لىغىلى بولىدۇ، دېگەننى كۆرگەنىدى. لېۋپانىڭ
كۆندە پىيادە مېڭىۋاتقانلىقىغا يېرىم يىل بولـ
دى. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، ھازىر 90
جىڭلا كەلسە بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئېتىدىن بىر
جىڭمۇ چۈشمىدى. لېۋپاغا شۇنىسى ئايانكى،
فورمۇلا مۇرەككەپ بولمىغان بىلەن، نۇرغۇن
ئىشلارنى فورمۇلا بويىچە ھېسابلىغىلى
بولمايدۇ.

لېۋپا ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن مۇـ
شۇنداق پىيادە ماڭىدىغان بولۇۋالدى. «ئۆيگە»
دېگىنىمىز ئۆزىمىز تولا دەپ ئادەتلىنىپ كەتـ
كەن بىر ئاتالغۇ، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ
ئۆيى دېگىنىمىز، ئۇ يېتىپ ـ قوپۇۋاتقانلا بىر
يەر بولۇپ، كونا پاسوندىكى بىنانىڭ بىر ئېـ
غىزلىق ھۇجرىسىدىنلا ئىبارەت. يەنە بىر ئېغىز
ھۇجرىنى باشقا بىر قىز ئىجارىگە ئالغان. زال،
ھاجەتخانا، ئاشخانىنى ئىككىسى تەڭ ئىشلەـ
تىدۇ. زال دەپ كەتكۈچىلىك قانچىلىك زال
بولماقچىدى. ئۈچ ـ تۆت كۋادرات مېتىرلا
كېلىدۇ. بىر نەرسە قويغىلى بولمايدۇ. ئاشخاـ
نىسىنىڭ يېنىدا ھاجەتخانا، ئىككى ھۇجرىنىڭ
بىرى شەرق تەرەپتە، بىرى غەرب تەرەپتە، شەرق
تەرەپتىكىسى لېۋپانىڭ، غەرب تەرەپتىكىسى
خۇيىڭ دېگەن قىزنىڭ. بۇ ئىككى قىزنىڭ
ھېچقايسىسى ئۆزى تاماق ئېتىپ يېمەيدۇ.
شۇنداق بولغاندىن كېيىن، گازغا پۇل كەتمەيـ
دۇ. سۇ پۇلى بىلەن توك پۇلىنى ئىككىسى
ئوتتۇرىدىن تەڭ بۆلۈپ تۆلەيدۇ. پۇل توغرىـ
سىدا مۇشۇ كەمگىچە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىـ
سىدا سەن ئاز تۆلىدىڭ، مەن جىق تۆلەپ
كەتتىم، دېگەندەك گەپ ـ سۆز چىقىپ باقـ
مىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككىلىسىنىڭ
تىلغا ئېلىپ كەتكۈدەك غەلىتە قىلىقلىرى
بولمىغاچقا، بىر ـ بىرىنىڭ يېغىرىغا تېگىپ
قويىدىغان ئىشلارمۇ بولمىدى، بىر ـ بىرى
بىلەن ئوڭايلا چىقىشىپ قالدى.

بۇلار ئىجارىگە ئالغان بىنا سېلىنغىنىغا
ئاز دېگەندىمۇ 30 يىلچە بولغان بولۇپ، ھەقـ
قەتەن بەك كونا ئىدى. نى ـ نى تاۋار ئۆيلەر
بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تاپ بېسىپ سېلىـ
نىپ «تىككىدە» قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ
مەھەللىدە ئۇ بىر قاتار كونا بىنالار گويا ماغـ
دۇرىدىن كەتكەن بوۋايغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.
قىزىق، لېۋپا مۇشۇنداق بىنانى ياخشى كۆـ
رەتتى. بۇنداق بىنا ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق
كۆرۈنەتتى. شۇغىنىسى، كونىراپ كەتكەن بۇ
بىنالار ھۆكۈمەتنىڭ كۆزىگە سىغماي قېلىۋاـ
تاتتى. مۇشۇ بىر نەچچە كۈننىڭياقى بۇ بىـ
نالارنىڭ سىرتىغا جازا ئورنىتىپ، رېمونت
قىلىشقا تۇتۇش قىلىنىۋاتاتتى. ئاڭلاشلارغا
قارىغاندا، بۇ شەھەر «مەملىكەت بويىچە مۇـ
نەۋۋەر ساياھەت شەھىرى» بولۇشنى ئىلتىماس
قىلغان بولۇپ، كونا بىنالارنىڭ تېشىنى بولـ
سىمۇ يېڭىلىماقچى ئىكەن. بۇنداق قىلغاندا،
«ئىچى غال ـ غال بولسىمۇ، تېشى پال ـ
پال» بولۇپ تۇراتتى.

لېۋپا ئۆيگە كەلگەندە، خۇيىڭ كېلىپ
بولغانىدى. ئىككىسى يۇيۇنۇپ بولۇپ، پاراڭغا
چۈشۈپ كەتتى. خۇيىڭ:

— بايا ئاستىنقى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان،
ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى موماي كىرىپ، دېھـ
قان ئىشلەمچىلەر بىنانىڭ تېشىنى ئاقارتىشقا
باشلىدى. كېچىدە ھەر قانچە ئىسسىپ كەتـ
سەڭلارمۇ دېرىزەڭلارنى ئوچۇق قويۇپ ياتماڭـ
لار، دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، — دېدى.
بۇنداق كونا بىنالارنىڭ دېرىزىلىرى ئىككى
قەۋەت بولۇپ، ئىچى تەرىپى ئەينەك، تېشى
سىم تور ئىدى. دېرىزىنىڭ سىم تور ئورنىـ
تىلغان كېشەكلىرى بەك كونىراپ كەتكەچكە،
ئىلغۇلىرى ئېتىلمەيتتى. ناۋادا، دېرىزە ئوچۇق
قالسا، بىنانىڭ تېشىغا ئورنىتىلغان جازىدىنلا
ئۆيگە كىرگىلى بولاتتى. بۇ بىنادىكىلەرنىڭ
بەزىلىرى دېرىزىلىرىگە تۆمۈر ئورناتقۇزۇۋالغاـ
نىدى. لېۋپالارنىڭ ئۆي ئىگىسى بۇ ئۆيدە
ئۆزى ئولتۇرمىغاچقىمۇ، ئورناتمىغان.

— بۇ ئۆيگە بىرەرسى مال ـ دۇنيا بار

دەپ ئوغرىلىققا كىرەرما؟ ــ دېدى لىيۇپا كۈلۈپ.

ــ مال ـ دۇنيا بولمىغان بىلەن، بىز رەگلىكتە، ــ دېدى خۇپىڭ.

ئىككىسى قاقاقلىشىپ كۈلۈپ كەتتى. خۇپىڭ لىيۇپاغا مۇنداق بىر قىزىق يۇمۇر سۆزلەپ بەردى: «بىر بۇلاگچى بانكىغا بۇلاگچىلىققا كىرىپتۇ، بۇ چاغدا بانكىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان بىرلا ئايال خادىم بار ئىكەن. بۇلاگچى ئۇ ئايالغا: ‹ئاچقۇچنى چىقار! ›دەپتۇ. ئايال ئاچقۇچنى بەرگىلى ئۇنىماي: ‹ماڭا زورلۇق قىلىپ، نومۇسۇمغا تەگسەڭمۇ، ساڭا ئاچقۇچنى بەرمەيمەن› دەپتۇ. بۇ چاغدا بۇلاگچى ئۇ ئايالنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە تازا بىر قارىۋېتىپ: ‹قاغىلار قاق ئېتەر، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتەر، دېگەندەك نېمە دەيدۇ ماۋۇ، كۆزۈم كور بولۇپ قالمىدى مېنىڭ› دەپتۇ.»

سائەت 10 دىن ئاشقاندا، خۇپىڭ لىيۇپاغا:

ــ يۇرۇڭە، سىرتقا چىقىپ كىرەيلى، تازىلىق قەغىزى ئەكىرىۋالاي، ــ دېدى.

ــ مەندە بار، ــ دېدى لىيۇپا كېچىلىك كىيىملىرىنى كىيىۋالغاچقا، سىرتقا چىقىش خۇشياقماي.

ــ قانداق ماركىلىقى؟ ــ دېدى خۇپىڭ.

ــ «جياۋشۇاڭ».

ــ مەن «خۇشۇباۋ» ماركىلىقىنىلا ئىشلىتىمەن، ــ دېدى خۇپىڭ ناھايىتىمۇ كەسكىنلىك بىلەن. لىيۇپانىڭ كۈلگۈسى كېلىپ كەتتى. مەن پالانى ماركىلىقىنىلا ئىشلىتىمەن، دېگەندەك گەپلەر ھازىرقى قىزلارنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمەيدىغان گەپ بولۇپ، لىيۇپاغا كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى. ئىشلەتكىلى بولسىلا بولىمىدىمۇ، ماركا دېگەن شۇنچىلا مۇھىمما؟ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، لىيۇپانىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، دوست ـ بۇرادەر دېگەندەكلەر توغرىسىدا بەك قاتتىق پرىنسىپى

يوق ئىدى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىدىشىدىمۇ شۇنداق قىلدى. باشتا شياۋلوغىمۇ ئۆزىدە ھېچقانداق بىر ئالاھىدە تۇيغۇ ـ پۇيغۇ دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ھەر جەھەتتىن مۇۋاپىقراق مۇشۇنداق بىر ئەر ئۇچراپ قالغاندىن كېيىن، «مۇشۇنىڭغا قىلسام قىلايا» دەپلا شياۋلوغا ياتلىق بولغان. ناۋادا، شۇ چاغدا ئۇنىڭغا شياۋلو ئەمەس، ئۇنىڭ ئورنىدا شارائىتلىرى شۇنچىلىكرەك باشقا بىرسى ئۇچراپ قالغان بولسىمۇ، ئوخشاشلا تېگىۋېرەتتى. بۇنى بەزىلەر بەلكىم ئەقلىگە سىغدۇرالماسلىقى مۇمكىن، بۇ دېگەن ھەقىقىي ئەھۋال، ئۇ شياۋلودىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، خېلى بىر ۋاقىتچە كۆڭلى يېرىم بولۇپ يۈردى. كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن خۇشالمۇ بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ شياۋلوغا ئانچە ـ مۇنچە بولسىمۇ، كۆڭلى بار ئىكەن، بولمىسا كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالامتى؟ ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولۇپ قالغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك شياۋلوغا مۇنداقلا تېگىپ قالمىغانلىقىنى بىلدۈرمەمدۇ!

لېكىن، لىيۇپا خۇپىڭنىڭ گېپىگە رەددىيە بەرمىدى. خۇددى لىيۇپانىڭمۇ ئۆز ئالدىغا قارىشى بولغاندەك، باشقا ھەر قانداق ئادەمنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا قارىشى بولىدۇ. لىيۇپا ئادەتتە ئۆزىنىڭ قارىشىنى كۆرگەنلا يەردە سۆزلەپ يۈرمەيدۇ.

ــ بولدى، كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرماڭە، ــ دېدى خۇپىڭ، ــ مەنمۇ كېچىلىك كىيىمىم بىلەن چىقىۋېرىمەن.

ــ كوچىدىكىلەر ئىككىمىزنى كېچىدە چۈشەكەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلەر ئوخشايدۇ، دەپ قالمىسۇن يەنە، ــ دېدى لىيۇپا. شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى شۇ پېتى چىقىشىپ كەتتى. كېچىلىك كىيىم كىيىۋالسا، ئادەم چىرايلىق تۇرمىغان بىلەن، ئۇنىڭ راھەتلىكىگە ھېچنېمە يەتمەيدۇ. بۇ دېگەن گەپ كەتمەيدىغان ئەمەلىيەت. ھەر قانچە سەت كى-

يىنىۋالسىمۇ، يېنىدا بىرەرسى بولسىلا، ئادەم يەنە ئانچە تارتىنىپمۇ قالمايدۇ.

كوچىلار خېلىلا جىمىپ قالغانىدى. بۆككىدە دەل ـ دەرەخلەر كوچا چىراغلىرىنىڭ يورۇقىنى توسىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ سايىسى قاپقارا بولۇپ يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئىككىلىسىنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق، ئۇزۇن پۈتلىرى بىلەن شاپاشلاپ كېتىۋاتاتتى.

— چۈشەكەپ كوچىغا چىقىپ كەتكەندىلەرگە ئەمەس، ئەرۋاھقا ئوخشاپ قالدۇق— دېدى خۇپىڭ. ئۇلار تازىلىق قەغىزىنى ئېلىپ بولۇپ، «خۇەن خۇەن»دېگەن بىر ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش بۇيۇملىرى دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇ كۈندە ئىشقا بېرىپ ـ كەلگۈچە بۇ يەردىنغۇ ئۆتەتتى. لېكىن، دۇكان ئىچىگە كىرىپ باقمىغان. خۇددى بۇ دۇكانغا ئادەم كىرمەيدىغاندەك، ئالدى چۆلدەرەپ تۇراتتى. لېكىن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇنداق دۇكانىنىڭ پايدىسى بەك كۆپ ئىكەن. ليۇپانىڭ زادى بۇ دۇكانغا كىرىپ كۆرۈپ باققۇسى بار ئىدى. ئىزا تارتىپ كىرەلمىگەن. شياۋلو ئۇنىڭغا ئۇ دۇكاندىكى نەرسىلەر راستىقلا ئوخشايدۇ، دەپ بەرگەنىدى. راستىقا ئوخشىسا زادى قانداقتۇ؟ ئۇ ئىشىكتىن دۇكان ئىچىگە قارىدى. بىر ئەر پوكەي ئىچىدە خۇشياقمىغاندەك ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. خۇپىڭمۇ ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ دۇكانىنىڭ ئىچىگە قارىدى.

— سىز كىرىپ كۆرۈپ باققانمۇ؟— دېدى خۇپىڭ.

— ياق، — دېدى ليۇپا.خۇپىڭ:

— يۈرۈڭە، كىرىپ باقايلى، — دەپلا، دۇكانغا كىرىپ كەتتى. ليۇپا سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن ئۇمۇ كىردى. ئۇ ئىككىسى دۇكاندا بىردەملا تۇرغان بىلەن، ليۇپانىڭ كۆزى تامغا ئېسىقلىق تۇرغان قارا سۇلياۋ خالتىغا، ئاندىن ئۈستىدىكى تەكچىگە قاتار تىزىۋەتكەن «مەرگەن»، «زومىگەر»، «كۆڭۈلدىكى يار» دېگەندەك خەتلەر يېزىپ قويۇلغان نەرسىلەرگە چۈشۈپ ئۈلگۈردى، «شادلىق» دەپ يېزىپ قويۇلغان ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى شەكلىدىكى نەرسىنىمۇ ئالا قويمىدى. ئاندىن ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. خۇپىڭمۇ ئۇنىڭغا سوگدىشىپلا يېنىپ چىقتى. ئۇلار دۇكاندىن چىقىپلا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سەل ئاشۇرۇۋەتكەن بىلەن، تازا ئوخشىتىپ ياساپتۇ ـ هە، — دېدى خۇپىڭ. تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن يۈزى قىلىنلىقنى بەزى ۋاقىتلاردا تازا ئېنىق ئايرىۋالغىلى بولماي قالىدۇ. ليۇپا خۇپىڭنىڭ بايىقى گېپىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالدى. شۇ تاپتا بۇنداق يەرگە كەلگەندە، ليۇپا تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېراق گەپ قىلسا بولىدىغاندەك تۇراتتى. چۈنكى، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ توي قىلغان، خۇپىڭ تېخى ياتلىق بولمىغان قىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق، ليۇپا ئۇ توغرىسىدا چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمىدى. ئۇنداق ئىشلارنى ئادەم ئۆزى بىلگەن، تەجرىبىسى بار تۇرۇقلۇق، ئېغىزغا ئېلىشقا نومۇس قىلىپ قالىدۇ. ئىككىسى كوچىدا قاتارلىشىپ كېتىۋېتىپ، بىر هازاغىچە قىلىدىغانغا گەپ تاپالماي قېلىشتى. ئۇ نەرسىلەر گويا ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالغاندەك، تاپ بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ليۇپا يەنە شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىپ ئۈلگۈردىكى، هېلىقى پىركازچىك ئۇلار دۇكانغا كىرىپ، تا چىقىپ كەتكىچە ئۆزلىرىگە كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى. مۇشۇنىڭدىنلا بۇ دۇكانىنىڭ تىجارىتىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى ليۇپا.

— لايىقىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ليۇپا ئاخىر ئېغىز ئېچىپ، ئۇ خۇپىڭنىڭ ئارىلاپ يىگىتلەرنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىدىغانلىقىنى، لېكىن بىر ئەكەلگىنىنى يېنىشلاپ ئەكەلمەي، يەنە باشقا يىگىتلەرنى باشلاپ

كېلىدىغانلىقىنى پەملەپ قالغانىدى.

— بار، دېسەم بار، ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ، يوق دېسەم يوق، — دېدى خۇپىك، — بۇنىڭ ھېسسىيات ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن.

— قانداق گەپ بۇ؟

— جىنىڭ گەپ، — دېدى خۇپىك، — بىردىن ـ بىردىن مۇھەببەتلىشىپ يۈرسەم، كۆڭۈلدىكىدەك بىرىنى قاچان تاپىمەن؟ دەپ ئويلاپ، تورنى كەگرەك يېيىپ، بېلىقىنىڭ يوغىنىنىلا تۇتاي دېسەم، ئۆزۈممۇ تاقەت قىلالماي قالدىم. خەقنىڭ ئۆپكىسى بار ـ يوقلىقىنى بىلەلمىدىم. ھازىرقى ئەر خەقلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئىكەن، بىر ـ ئىككى قېتىم كۆرۈشە ـ كۆرۈشمەيلا بەرمەمسەن؟ دەپ تۇرىدىكەن.

— بەردىڭىزما؟ — دېدى ليۇپا شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ، ليۇپا ئادەتتە باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي ئىشىنى تىڭتىڭلاپ يۈرمەيتتى. لېكىن، مۇشۇ مىنۇت، مۇشۇ دەقىقىدە خۇپىڭنىڭ ئۇ ئىشلارنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى.

— بەردىم، بىر نەچچىسىگە، ھەممىسىلا ئادەتتىكىچىلا ئىكەن. ھېچبىر ئالاھىدە يېرى يوق، — دېدى خۇپىك.

ليۇپانىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. خۇپىڭنىڭ شوخلۇقىغا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ، ئۇ گېپىگە يەنىلا ھەيران قالماي تۇرالمىدى. خۇپىڭنىڭ «بىرنەچچىسىگە» دېگەن گېپىنى ھېچبىر قىينالماي دەۋاتقىنىنى قارىمىدىغان. زادى قانچىسى بىلەن بىللە بولغاندۇ؟ ئۇنداق بولسا، زادى قانداق بولىدىغاندۇ؟ «ھېچبىر ئالاھىدە يېرى يوق» دەيدۇ. ئالاھىدە بولسا قانداق بولىدىغاندۇ؟ ليۇپا بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.

— مېنى بەك شاللاقكەن، دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ؟

— ياق، — دېدى ليۇپا ۋە ئۇنىڭ بۇ سوئالىدىن خۇپىڭ ئۇنداق كەلسە ـ كەلمەس شاللاقلىق قىلىدىغان قىزلاردىن ئەمەسكەن، دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن، ليۇپا بۇنداق قىلمايدۇ، قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى دەپ يۈرمەيدۇ.

— بەزى ئىشلارنى ئۆزى قىلىپ باققاندىلا، ھەقىقىي قانداقلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، — دېدى خۇپىك.

— ياتلىق بولغاندا، ئېرىڭىزنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقمامسىز؟ — دېدى ليۇپا.

— مەن يا ساراڭ بولمىسام، ئۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا دەپ نېمە قىلىمەن؟

— دېمىسىلا، قۇتۇلۇپ كېتىدىغان ئىش ئەمەستۇ بۇ؟

— قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولمايدىغىنىنى تاپامتىم؟ — دېدى خۇپىك كۈلۈپ.

ليۇپامۇ كۈلۈپ كەتتى. نىمىشقىدۇر، خۇپىڭ ئۇنىڭغا تولىمۇ بىر سۆيۈملۈك قىزدەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— ليۇپا، ئاشۇلار سېتىۋاتقان ئۇ نەرسىلەرنى ئالىدىغانلار چىقارمۇ؟ ئۇنى ئېلىپ ئىشلەتكەنلەر قانداق ئويلاردا بولار؟ چىديالماي قالسا، ئۇتتۇر كەلگەن بىرەرسى بىلەن بىللە بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇنداق يالغىنىدىن ياخشى ئەمەسمۇ؟ھېچ بولمىغاندا، ئىسسىق دەگە.

ليۇپا زۇۋان سۈرمىدى.

— لېكىنغۇ، يەنە بىر تۇرۇپ ئويلىسىڭىز، ئۇنداق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپلا بولدى قىلغانىنىڭمىغۇ پايدىسى باردەك تۇرىدۇ. ئۇشۇقچە ئاۋارىچىلىك بولمايدۇ، كۆڭۈل ـ پۆكۈل، بالام، كالام، جەمئىيەتكە بولغان تەسىر ـ پەسىر دېگەن گەپمۇ بولمايدۇ. كىچىككىنە بىر نەرسە بىلەن ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ. نېمىدېگەن ئاددىي، — دېدى خۇپىك قولىنى شىلتىپ قويۇپ، ـ كېيىن بىرنى ئالايچۇ.

## 3

ليۇپا تۈنلەرنى ئۆزى يالغۇز ئۆتكۈزۈۋات-

قىلى خېلى زامانلار بولۇپ قالدى.

شياۋلو لېۋپانىڭ بەدىنىگە تېگىپ باققان ئىككىنچى ئەر، بىرىنچىسى ئالىي مەكتەپتىكى چاغدىكى ئىشلار. ئۇ چاغدىكى لېۋپا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى. بىر كۈنى كەچتە تۇيۇقسىزلا بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر خاتىرە بەردى. ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي لېۋپانىڭ ئۆرە تۇرغان، مېڭىپ كېتىۋاتقان، يۈگۈرۈۋاتقان، كۈلۈپ تۇرغان، جىمجىت قاراپ تۇرغان ھالىتى تېز سىزما قىلىپ سىزىلغانىكەن. ئۇ بالا «مەن گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمەن» دېدى. خاتىرىنىڭ بىرىنچى بېتىگە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى: «مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەيسىز، بىلىشىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق. مېنى يېنىڭىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ناتونۇش كىشىلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلاۋېرىڭ». دېمىسىمۇ لېۋپا ئۇ بالىنى تونۇمايتتى. لېكىن، نېمىشقىدۇر، خاتىرىدىكى ئۇ خەتنى ئوقۇپ، تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى، يىغا ياماشتى. لېۋپا ئۇ بالا بىلەن بىللە بىنادىن چۈشتى. مەكتەپ قورۇسىدا بىردەم ئايلىنىپ يۈردى. گۈللۈك يېنىدىكى دارچىن دەرىخى تۈۋىگە كەلگەندە، ئۇ بالا لېۋپانى «كاپلا» قىلىپ قۇچاقلىۋالدى. داق يەردىلا يېتىشتى. ياز بولغاچقا، ھەر ئىككىلىسى تولىمۇ نېپىز كىيىنگەنىدى. نېمە ئۈچۈنكىن، ئۇ بالا لېۋپاغا چىڭگىدە چاپلىشىۋالدى. ئۇ لېۋپانىڭ بەدىنىنى سىلىغىلى تۇردى. ئۇنى «چوكۇلدىتىپ» سۆيدى. ئۇ لېۋپاغا ئۆزىنى تىرەپ تۇرۇۋالدى. لېۋپا چاترىقىنى چىڭگىدە قىسىۋالغاچقا، ئۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىدى. بىردەمدىن كېيىن، لېۋپا ئۇ بالىنىڭ تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، توساتتىنلا كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قېلىپ، چاترىقىنى كېرىۋەتتى. بىراق، ئۇ ئىش يەنە ئەپلەشمىدى. ئۇلار مۇشۇ پېتى يېرىم كېچىگىچە ھەپىلەشتى. ئەتىسى ئەتىگىنى لېۋپا ياتىقىدا ئويغىنىپ، كۆزىنى ئاچقىنىدا، چاچلىرىدىن گۈپۈلدەپ چۆپ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. ئاخشامقى ئىش گويا ئۇنىڭغا بىر چۈشتەك تۇيۇلدى.

لېۋپا شياۋلو بىلەن توي قىلىشقا ئاز قالغاندا، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى. شياۋلولارنىڭ جان سانى كۆپ بولغاچقا، ئۇلار ئىشنى لېۋپانىڭ ياتىقىدا باشلىۋەتتى. ياتاقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئادەم بار، تاملارمۇ بەك نېپىز، «ئۆھۆ» قىلىپ يۆتەلگەن ئاۋازمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەر قېتىم ئىش باشلاپ كەتكەندە جىددىيلىشىپ، ھاپىلا - شاپىلالا بولدى قىلاتتى. شياۋلو ھەر قېتىم تازا «پاقىسىغا قېنىپ» كېتەلمەيتتى. لېۋپا بولسا، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، پەيزى بولغىنىنىمۇ تازا ئۇققالماي قالاتتى. ئۇلار تويدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ھۇجرىسىدا ئۇگچە - چوگچە، ئايقىن - سايقىن يېتىشىپ، ئۇ ئىشنىڭ تولىمۇ پەيزىنى سۈردى. بەزىدە شياۋلو بىر كېچىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئىش باشلاپ كېتەتتى. ئۇ تېخى «خۇددى پىرىسلانغان پەرەنىڭ سۇغا قانمىغاندەك، بۇنداق ئىشقا مەن پەقەت قانمايمەن» دەپ قوياتتى. لېۋپا بولسا شياۋلونىڭ ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتىدىن خۇشاللىق تاپتى ۋە ئۇنىڭ پەيزىنى سۈرمەكتە ئىدى. ئۇ ئىككىسى بۇنداق شېرىن - شېكەر بەختتىن تازا ئوبدان ھوزۇر ئېلىش ئۈچۈن، ئۈچ يىلغىچە باللىق بولماسلىققا كېلىشتى. ئىككى يىل ئۆتتى، ئۇلارنىڭ ئۇنداق يېقىندىچىلىقىمۇ سەل پەسكويغا چۈشۈپ، خېلى نورماللىشىپ قالدى. ماغدۇردىن كېتىدىغان، ئاجىزلىشىپ قالىدىغان ھالغىمۇ چۈشۈپ قالمىغان بىلەن، ئەمدى ئۇ ئىشقا بۇرۇنقىدەك ئۇنچىلا ئاچ كۆزلۈك قىلىشىپ كەتمەيتتى. ئۇلار مانا مۇشۇنداق بىر ھالەتتە تۇرۇۋاتقىنىدا ئاجرىشىپ كەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، لېۋپا ئۇزاق كېچىلەرنى ئۆزى يالغۇز ئۆتكۈزدى. شۇنچە ئۇزاق قىزلىق دەۋرىدە، لېۋپا تۈنلەرنى مانا مۇشۇنداق

ئۆزى يالغۇز ئۆتكۈزگەن. شۇڭا، ئۇ دەسلەپ باشتىمۇ ئۆزۈم يالغۇز ئىدىم، ناھايىتى كەتسە، ھازىرمۇ يالغۇز ئۆتەرمەن، گويا تىنچ كۆلگە بىر تال تاشنى ئاتسا، سۇ يۈزىدە بىر نەچچە چەمبەر ھاسىل بولۇپلا، ھايال قىلماي كۆل يەنە تىنچ ھالىتىگە قايتقاندەك، ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن بۇرۇنقىدەك ياشاۋېرىمەن دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئۇ بارا ـ بارا شۇنى ھېس قىلىپ قالدىكى، ئۇنىڭ تۇنلىرىدە ئۆزىنىڭ خىيالىدىكىدەك ئۇنداق ئاددىي ـ ساددىلىق يوقالغانىكەن. چۈنكى، كۆلنىڭ سۈيى تىنچلانغىنى بىلەن، تاش ئىچىدە يەنىلا بار ـ دە، ئۇ، ئۇنىڭ «ئۆيىگە» شۇ قەدەر كۆنۈپ كەتكەن بولۇپ، كۈندۈزى بىلىنمىگەن بىلەن، كېچىسى ئۇنىڭغا ئۇيقۇ يوق ئىدى. ئۇ ئىش لىۇپاغا ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىك يېيىشلىك بولغان بىلەن، يېمىسىمۇ كۈن دېگەن ئۆتۈۋېرىدۇ. لىۇپا ئىككى جىنس ئارىسىدىكى كۆڭۈل خۇشلۇقىنى بىر خىل ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىككە ئوخشىتىپ، ئۇنداق نەرسىگە ئۆزۈمنى ئۇرۇپ كەتمەيمەن، دەپ ئويلىغانىدى. ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن بولسا، ئۆزىنىڭ ئۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك يېمەكلىككە بولغان مېھرىنىڭ ئۇنچىلا سۇس ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇنداق خۇمارنى بىخ ھالىتىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، بۇرۇنقى كېيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇيدى. ئۇ شۇنداق قىلىپ، شياۋلونىڭ ھىدىنى پۈتۈنلەي يۇيۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولدى. لىمون سوپۇنىنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن ئۇ ھەقىقەتەن بىر نەچچە ئاخشامنى تىنچ ئۆتكۈزدى. شۇغىنىسى، بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ ياستۇق قاپلارنى ئالماشتۇرۇۋاتقانداتوساتتىن ئۇنىڭ دىمىغىغا تاماكىنىڭ، تەرنىڭ، شۆلگەينىڭ، باشتىن چىققان مايىنىڭ پۇرىقى، دەل شياۋلونىڭ پۇرىقى «گۇپپىلا» قىلىپ ئۇرۇلدى....

بۇ دەل ئەرلەرنىڭ ھىدى، شۇ قەدەر ئىسسىق، شۇ قەدەر تونۇش، شۇ قەدەر ئارامبەخش، بۇ دەل ئۇنى كېچە ـ كېچىلەپ ئۆز قوينىغا ئالغان پۇراق، ئۇ كېچە ـ كېچىلەپ يوتقىنى بىلەن ئورىنىۋېلىپ ھىدلاپ ياتقان پۇراق. ئۇ قېپىي ئېلىۋېتىلگەن ياستۇقنى «چىڭگىدە» قۇچاقلىۋېلىپ، ئىختىيارسىز ھالدا شېرىن ئەسلىمىلەر قوينىغا غەرق بولدى. ئۇ شياۋلو بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن سانسىزلىغان كېچىلەرنى ئەسلەيتتى. ئۇ كېچىلەردە بولۇپ ئۆتكەن ھەر بىر ئىشنى، ھەر بىر ئىشنىڭ ھەر بىر تەپسىلاتىنى، ھەر بىر تەپسىلاتتىكى ھەر بىر ھەرىكەتنى، ھەر بىر ھەرىكەتتىكى ھەر بىر تىنىقنى... ئەسلەيتتى. مانا مۇشۇنداق ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ بەدىنىگە «جىغغىدە» تەگدى. ئۇ بۇ ئەسلىمىلەر قاينىمىدىن ئۆزىنى تارتىپ ئالالمىدى.

ھېلىقى كۈنى كېچىنى ئۇ شياۋلو بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەنىدى. شياۋلو ياداڭغۇراق، ئاجىزراق بولغان بىلەن، شۇ قەدەر دىيانەتلىك، شۇ قەدەر مۇلايىم ئىدى. ئۇ لىۇپانىڭ لېۋىنى يەڭگىلگىنە سۆيدى. گويا كۆلچەكتە پىلتىڭلاپ يۈرگەن كىچىككىنە بېلىقتەك، ئۇنىڭ قوينىدا ئويناپ يۈردى. ئاندىن بۇ «بېلىق» نېلۇپەر گۈلىنىڭ شىرىنىسى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ خۇش ھىدىدە يوغىناپ، قاتتىق پىلتىڭلاپ، كۆچىيىپ كەتتى.

لىۇپا مانا مۇشۇنداق شياۋلو بىلىشكە مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغان تەرىقىدە ئۇنىڭ بىلەن غايىۋانە ئۇچراشتى. كېيىنكى تالاي ـ تالاي كېچىلەردە ئۇ شياۋلونى مانا مۇشۇنداق تەرىقىدە ئۆز خانىسىغا تەكلىپ قىلىپ تۇردى. نېمىلا دېگەنبىلەن، شياۋلو ئۇنىڭ بىلەن قولى قولىغا، پۇتى پۇتىغا تېگىپ، ھەقىقىي بىللە بولغان بىردىنبىر ئەر. ئۇ لىۇپاغا ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان ئەر. لىۇپا يەنە ئارىلاپ شياۋلونىڭ ئاشنا ئويناپ قويغان ھالىتىنى ئەسلەپ قالاتتى. قانداق

بولغاندۇ؟ بۇ تەرىپى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ، بۇنى سورىغىلىمۇ بولمايدۇ، پەقەت قىياسلا قىلالايدۇ، شياۋلونىڭ ئۇگە ـ ئۇگىسى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇ ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى قىياس قىلىپ يەتكۈچىلىكى بار. لېكىن، ھېلىقى ئايالچۇ؟ ئۇ ئايال زادى قانداقتۇ؟ ئۇ ئايالنىڭ قانداقلىقىدىن ليۇپيا خەۋەرسىز. شۇنىڭ بىلەن، ليۇپيا ئۆزىنى ئاشۇ ئايالنىڭ ئورنىدا قويۇپ، قىياس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئايالنىڭ شياۋلونى قانداق ئىندەككە كەلتۈرۈپ، ئىچكەركى ئۆيگە باشلاپ كىرگەنلىكى، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قانداق سالدۇرغانلىقى... نى قىياس قىلدى. ئۇ ئايال پاھىشە بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە شياۋلو بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. يەنە باشقا ئەرلەرنىمۇ ئىندەككە كەلتۈرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بەزى ئەرلەر ئۇ ئايالغا ياخشى مۇئامىلىدە بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، بەزىلىرى پەقەت كۆزى بىلەنلا ئۇنىڭ كۆڭلەكلىرىنى قايرىپ باققان، بەزىلىرى پەقەت ئۇنى تۇنجى قېتىملا كۆرگەن، بەزىلىرى ھەتتا ئۇ ئايال كوچىدا كەينىدىنلا كۆرۈپ قالغان ئەرلەر بولۇشى مۇمكىن.

ليۇپيا مۇشۇنداق خىياللارغا غەرق بولغان دەقىقىلەردە شياۋلونىڭ ئۇ سەۋەنلىكىنى ئانچە ـ مۇنچە چۈشەنگەندەك بولاتتى. سەتەڭلەرنىڭ ئازدۇرۇشى ئالدىدا قانچىلىغان ئەرلەر بەل قويۇۋەتمىگەن؟ بۇنداق چاغدا ئۆزىنى مەھكەم تۇتالىغانلاردا جەزمەن ئەۋلىيالارنىڭ گېنى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، شۇنىسى ئېنىقكى، شياۋلونىڭ جىسمىدا بۇنداق گېن يوق. ۋەھالەنكى، لايىقىدا چۈشەنگەنلىك ھەقىقىي تۈردە سالاۋەت قىلىۋەتكەنلىك ئەمەس. ليۇپيا ئۆزىنى ئاشۇ پاھىشەنىڭ ئورنىغا قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلغان ئاشۇ دەقىقىدىلا شياۋلونىڭ ھالىغا يەتكەندەك بولدى. تاڭ ئېتىپ، يورۇق چۈشكەندىن كېيىن، مۇنداقلا ھالىغا يېتىش، يۈزەكى چۈشەنچىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. پاھىشە گويا ئۇنىڭ خىيالىدىكىلا بىر ئوبراز بولۇپ، شياۋلونىڭ پاھىشە ئوينىغانلىقى ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا بويىنىدىن ساقىت قىلىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر ئىش بولۇپ قالدى. بىر خىيالىي ئوبراز ئارقىلىق كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئىشنى ئۇ «مەيلى بوپتۇلا» دەۋەتكەنمۇ بولاتتى. لېكىن، ئۇ خىيالىي ئوبرازنىڭ زادى كىملىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇ ئىشنى «مەيلى، بوپتۇلا» دەۋەتسەم، تازا تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ قالغان ئەخمەقنىڭ ئۆزى بولىمامدىمەن، دەپ ئويلاپ قالدى. نېمىلا دېگەنبىلەن، خىيالىي ئوبراز دېگەن ئادەمگە ھېچقانداق ھەقىقىي زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. لېكىنزە، كۆزىنى يۇمۇپلا بولدى قىلىۋەتكىلى بولمايدىغان ھېلىقىدەك ئىش دېگەن ئادەمنىڭ قېنىنى چىقارماي جېنىنى ئالىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، ليۇپيا كۈندۈزى قىلچە چاندۇرماي، ئەل قاتارى يۈرۈپ، كىشى زاتىغا سىلىق ـ سىپايە، تۈزۈت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ يۈردى. شياۋلونى ئۇچرىتىپ قالغانلاردا ياكى ئۇنىڭدىن تېلېفون كېلىپ قالغانلاردا بولسا مۇزدەك قېتىۋېلىپ، زادى ئېرىنمىدى. كەچقۇرۇنلۇقى بولسا، ئۆزى ئۆزىنىڭ داستىخىنىنىڭ مېھمىنى بولۇپ، ناز ـ كەرەشمىلىرى جاننى ئېلىپ يەردە قوياتتى. ئۇ كۈندۈزى بىلەن كېچىسى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئادەم ئىدى. كۈندۈزى بىلەن كېچىسىنى ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇپ قويمايتتى. كۈندۈزدىكى پرىنسىپنىڭ قاتتىقلىقى بىلەن كېچىلىرىدىكى ھەددىدىن تاشقىرى ئېچىلىپ ـ يايراشلىرى بىر ـ بىرىگە قىلچە دەخلىسىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى تولىمۇ ئېنىق بىلەتتى. كۈندۈزى بىلەن كېچىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشنىڭ بىر خىل ئەڭ ئەقەللىي ئىش ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. بۇنداق قىلالمىسا، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆلكىسىگە

قالىدىغان جىك ئەخمەق بولۇپ قالمامدۇ.

خىيالغا بېرىلىش گۇناھ ئەمەس. لېۇپا ئۆزىنىڭ ئۆي ـ خىياللىرىنى كۆڭلىگە تۈگۈن قىلىپ تۈگۈۋالمايدۇ. ئۇ بىر ژۇرنالدىن ئۆزدىن لەززەتلىنىش توغرىسىدا يېزىلغان بىر ماقالىنى ئوقۇغان. ماقالىدا يېزىلىشىچە، ماتېرىياللاردا % 80 ئەتراپىدىكى ئەرلەر، % 60 ئاياللار ئۆز ـ ئۆزىدىن لەززەتلىنىپ يۈرىدىكەن، دەپ كۆرسىتىلگەنىكەن. بۇ ماقالىنى ئوقۇپ، لېۇپا ئۆزىنى تۇتۇۋالماي كۈلۈپ تاشلىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ جەھەتتە ئاياللارنىڭ نىسبىتىنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىنى ئويلىمىغانىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئانچە غەلىتە ھېسابلانمايدىكەن. ماقالىدا يەنە ئۆز ـ ئۆزىدىن لەززەتلىنىشنى چۈشىنىشكە بولىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن لەززەتلىنىشنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۆز بەدىنىگە بولغان بىر خىل تەبىئىي ھەرىكىتى، ئۇنداق قىلىشنىڭ باشقىلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق، ئەخلاقلىق ـ ئەخلاقسىزلىق دېگەندەك مەسىلىلەرگە ياتمايدۇ، دېيىلگەن. ئۇنىڭدا يەنە ئۆز ـ ئۆزىدىن لەززەتلىنىدىغانلارنىڭ كاللىسىدا دەزى بار، دەپ قاراش كونا قاراشتىكىلەرنىڭ سۆزى، ئۇنىڭغا ئېرەن قىلىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق دېيىلگەن. ئەلۋەتتە، ئۆز ـ ئۆزىدىن لەززەتلىنىش ماختاپ كەتكۈدەكمۇ ئىش ئەمەس، بەزىلەر ئۇنداق قىلىشنى ياقتۇرمىسا، ئۇمۇ ئىنتايىن نورمال ئىش. چۈنكى، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دېگەن چېچىمىزدىن تولا.

ئۇنداق دېيىشىنىڭ لېۇپانىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنداق قاراش ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ساغلام ئايال ئىكەنلىكىنى ئىلىم نۇقتىسىدىن دەلىللەپ بەردى. ئۆزىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىگە بولغان مۇئەييەنلەشتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم تۇيۇلدى. ئەمدى ئۇ بۇنداق دەردى يوق، بالاسى يوق، ئاددىي ساغلاملىقنىڭ پەيزىنى سۈرمەي نېمە قىلىدۇ؟

«ئەپەندىم، مەرھەمەت» لېۇپا كەچتە ئەرلەرگىمۇ مۇشۇنداق دەيدۇ ۋە ئۇ «ئەرلەر»نىڭ ئۆزىدىن «مېنىڭ ئورنۇم قەيەردە؟» دەپ سورايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

«مەرھەمەت، بارمىقىمنىڭ ئۇچىغا مەرھەمەت» دەيدۇ ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، شۇنىڭ بىلەن «زىياپەت» باشلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، ھېچقانداق بىر«ئەر» ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ باقمىدى. لېۇپا خېلى بىر مەزگىلگىچە مانا مۇشۇنداق ھارماي ـ تالماي كېچە ـ كېچىلەپ تەكلىپنامە ئەۋەتىپ تۇردى.خۇددى كەينى ـ كەينىدىن ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى ئەۋەتكەندەك، ئادرېس، مەزمۇن، كۆرۈش، چاپلاش، ئەۋەتىشتەك ھەممە تەرتىپلىرى تولۇق ئىدى. شۇغىنىسى، خەت يازغۇچىمۇ، تاپشۇرۇۋالغۇچىمۇ ئۆزى ئىدى. بۇ جەريان شۇنچىلىك راۋان، ئاددىي، تېز، شۇ قەدەر ئۈنۈملۈك بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئىس ـ بۇسىمۇ چىقمايتتى.

شۇنداق، لېۇپانىڭ تۈنلىرى ئۆزى بىلەن ئۆتمەكتە. بەزىدە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزى مەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ، كۆزىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياشلىرىنى تۇتۇۋالالماي قالغان ۋاقىتلىرى بولسىمۇ، مۇشۇنداق ياشىغانمۇ ياخشىكەن دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى.

**4**

باشقارما باشلىقى جاڭ جيەنخۇڭمۇ لېۇپانىڭ كېچىلىك مېھمانلىرى قاتارىدا نەچچە رەت «تەكلىپ قىلىنغان».

ئۇ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت باشقارمىسىدا. بۇ باشقارمىنىڭ ئاتىلىشى ناھايىتى ئۇلۇغ بولغان بىلەن، ئىشى زېرىكىشلىك. «8 ـ مارت»، «1 ـ ماي»، «1 ـ ئىيۇل»، «1 ـ ئاۋغۇست»، «1 ـ ئۆكتەبىر»، يېڭى يىل، چاغان دېگەندەك ھېيت ـ بايرام

كۆنلىرى ئانچە ـ مۇنچە پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ
قويغاندىن باشقا ۋاقىتلاردا، شەھەرلىك پارتكوم،
شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى
چۆرىدىگەن ھالدا، بەزىبىر تەشۋىقاتلارنى قى-
لىدۇ. بۇنداق پائالىيەتلەر ئاياغلاشقاندىن كې-
يىن، ئىچكى قىسمىدا تارقىتىلىدىغان تەشۋى-
قات گېزىتى چىقىرىپ قويىدۇ، ئاندىن گې-
زىتلەرگە سۈرەتلىك خەۋەر ئېلان قىلىپ قوي-
سىلا ئىشى تۈگەيدۇ. ليۇپا ئۆزلىرىنىڭ خىز-
مىتىنى «شەرقىي جەنۇب شامىلىمۇ ياكى
غەربىي شىمال شامىلىمۇ، قاتتىق ھەممىسىنى
ناخشامغا مەن...» دېگەن ناخشا تېكىستى ئار-
قىلىق تەسۋىرلەشكە ئامراق. ليۇپانىڭ ئەدەبى-
يات ـ سەنئەت باشقارمىسىدا ئىشلەۋاتقىنىغا
بەش يىل بولدى. بەش يىلنىڭ ياقى قىمىر
قىلماي شۇيەردە ئىشلىدى. قىمىرمۇ قىلالمى-
دى. قىلىشقىمۇ قىزىقمىدى. ليوپا ئۆزى مۇ-
شۇنداق بولغان بىلەن، باشقىلارنىڭ ئانچە ـ
مۇنچە يۇقىرىغا يامىشىش كويىغا كىرىشىنى
توغرا چۈشىنەتتى. ئۆزى بولسا ئۇنداق قىلىشقا
كۆچەپ كەتمەيتتى.

جاڭ جيەنخۇڭ بۇ باشقارمىغا تەشكىلات
بۆلۈمىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن. ئۇ يەردە مۇئا-
ۋىن مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم باشلىقى ئىدى.
ئەدەبىيات ـ سەنئەت باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ
كېلىپ، باشقارما باشلىقى بولدى. يەنى يېرىم
دەرىجە بولسىمۇ ئۆستى. تەشكىلات بۆلۈمى
مەمۇرىي ئورنى جەھەتتە تەشۋىقات بۆلۈمى
بىلەن تەڭ دەرىجە بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە
تەشۋىقات بۆلۈمىدىن يۇقىرىدەك بىلىنەتتى. بۇ
ئىككى بۆلۈم ئوتتۇرىسىدا «تەشكىلات بۆلۈمى-
دە ئىشلىسەڭ ئوڭاي ئالغا باسىسەن، تەشۋىقات
بۆلۈمىدە ئىشلىسەڭ ئوڭاي خاتالىشىسەن» دې-
گەن گەپلەر بار ئىدى. جاڭ جيەنخۇڭ بىلەن
ليۇپالارنىڭ ئىشخانىسى بىر قورۇدا بولغاچقا،
ئۇلار بۇرۇندىنلا تونۇشاتتى. ليۇپا تەشۋىقات
بۆلۈمىگە كەلگەن يىلىنىڭ ئىككىنچى يىلى
جاڭ جيەنخۇڭ بۇ بۆلۈمگە يىللىق تەكشۈ-
رۈشكە كەلگەن. تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئىكەن،
ئايرىم سۆھبەتلىشىدىغان ئىشلار بولىدۇ. ئۇ
ليۇپا بىلەن بەش مىنۇتقا يېتەر ـ يەتمەس
پاراڭلاشقان بىلەن، سۆھبەت تولىمۇ كۆڭۈللۈك
بولغان. ليۇپا ئاجايىپ چېچەن ئايال ئىدى.
گەپنى تولىمۇ جايىغا تەگكۈزۈپ قىلالايتتى.
ئىنتوناتسىيىسىمۇ ئۆزىنىڭ چېچەنلىكىگە
تولىمۇ ماس كەلگەن ئىدى. لېكىن، چېچەن
مەن دەپ چاچراپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە زە-
ھىرىنى سانچىپ تۇرۇۋالمايتتى. چىڭگىزلىك
قىلىپ، كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىپمۇ يۈرمەيتتى.
جاڭ جيەنخۇڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە يېڭى يۆت-
كىلىپ كەلگەندە، ئىككىسى ناھايىتى يېقىن
ئۆتتى. خىزمەتداش بولغان بىلەن، دوستلار-
دەكلا ئىدى. كېيىن، ليۇپا ئېرىدىن ئاجرىشىپ
كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، جاڭ جيەنخۇڭ ئۇ-
نىڭدىن سەل ئۆزىنى تارتىپ يۈرىدىغان بولۇ-
ۋالدى. بىر مەزگىل ئۆزىنى تارتىپ يۈرگەندىن
كېيىن، بۇنچىلا قىلىپ كېتىشنىڭ ئارتۇقچە
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. چۈنكى،
ليۇپا ئۆزىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىپ،
يالغۇز ئۆتۈۋاتقان تۇل ئايال ئىكەنلىكىنى ھەر
ۋاقىت ئەستىن چىقىرىپ قويمايتتى. شۇڭا،
جاڭ جيەنخۇڭنى رەھبەر، دەپ ھۆرمەت قىلىش
بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىلەن بولغان يې-
قىن مۇناسىۋىتىنى ئاجايىپ ئۇستاتلىق بىلەن
يىراقلاشتۇرۇۋالدى. جاڭ جيەنخۇڭنىڭ تۇرۇپلا
ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭغا
بولغان كۆيۈنۈشىنى بىلىپ ـ بىلمەي سۆز ـ
ھەرىكىتىدە چاندۇرۇپ قويدى. ليۇپا بۇنداق
كۆيۈنۈشنى، بۇنداق مېھرىبانلىقنى بەك
ئېتىبارغا ئېلىپمۇ كەتمىدى. بەك ئېرەن
قىلمايمۇ تۇرۇۋالمىدى. بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىنى
بىلىپ، ئۆزىنى سوراپ يۈرۈۋەردى.

جاڭ جيەنخۇڭ ليۇپا بىلەن بىللە يالغۇز
قالغان چاغلاردا ئارتۇقچە گەپ قىلماي، سۈكۈت
قىلىپ تۇرۇۋالاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ليۇپا
ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى

پەملەپ قالدى. ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدىكى ئىش دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. بىللە ئولتۇرۇپ قالغاندا، بىر ئېغىز سۆزمۇ ئارتۇقچە بولۇپ قالىدۇ. بىراق، ھاۋادىمۇ رەڭ باردەك تۇيۇلىدۇ.

لېۋپا جاڭ جيەنخۇڭنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇ يۆتكىلىپ كېلىپ بىر ئايدىن كېيىن سېزىپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا، تەشۋىقات سىستېمىسىدىكىلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. جاڭ جيەنخۇڭمۇ، لېۋپامۇ ئاغامچا تارتىش مۇسابىقىسىغا قاتناشتى. ئەرلەر كوماندىسى، ئاياللار كوماندىسى ئايرىم ـ ئايرىم مۇسابىقىلەشكەندىن كېيىن، ئاخىرىدا ئەر ـ ئاياللار كوماندىسى بىرلىكتە مۇسابىقىگە چۈشتى. بۇ ئارىلاشما مۇسابىقىگە جاڭ جيەنخۇڭمۇ، لېۋپامۇ تاللىنىپ قالدى. تاللىنىپ قالغان بىلەن، ھەر ئىككىلىسى بەك كۈچلۈكلەردىن ھېسابلانمىغاچقا، ئارقىغىراق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن لېۋپا جاڭ جيەنخۇڭنىڭ ئالدىغىلا توغرا كېلىپ قالدى. ئۇلار بىرىنچى قېتىمدا مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشتى. بۇ چاغدا، تەشۋىقات بۆلۈمىدىكىلەر كۈچلۈك كېلىپ، كۈچەپ بىر تارتىپلا ئۇلارنى سۆرەپ كەتتى. مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ئىشلىتەلماي قېلىۋاتقانلىقىغا بىردەمدىلا تەن بېرىپ، ئارتۇقچە كۈچەپ يۈرمەيلا ئاغامچىنى شۇنداقلا قويۇۋېتىشۋىدى، تەشۋىقات بۆلۈمىدىكىلەر دومىنكا قارتىسىدەك قاتىرىسىغا يىقىلدى. لېۋپا جاڭ جيەنخۇڭنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگىلا چۈشكەن ئاشۇ دەقىقىدە، بىر خىل يۇمشاق، ئارامبەخش تۇيغۇ گويا توك ئېقىمىدەك پۈتۈن بەدىنىگە تارىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋېدى، تۇرالمىدى. شۇ ئەسنادا بىر قول ئۆزىنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ يۆلەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. بۇ كۈچلۈك قول ئۇنىڭغا يانتاياق بولۇۋاتاتتى. مۇشۇ پاتىپاراقچىلىق ۋە كۈلكە ـ چاقچاق ئىچىدە، لېۋپا جاڭ جيەنخۇڭغا قايرىلىپ قارىدى. شۇ تاپتا جاڭ جيەنخۇڭنىڭ كۆزلىرىدىن «ۋاللىدە» ئوت يېنىپ تۇراتتى.

كېيىنكى نەچچە مەيدان مۇسابىقىدىمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ پۇتى پۇتىغا، قولى قولىغا، مۈرىسى مۈرىسىگە تېگىپ تۇردى. ئۇلار ئۇتتۇۋېلىپ، قارشى تەرەپنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭغاندا، قارشى تەرەپ ئاغامچىنى قويۇۋەتكەن ھامان، لېۋپا يەنىلا جاڭ جيەنخۇڭنىڭ ئۈستىگە يىقىلاتتى. شۇغىنىسى، ھەر قېتىم يىقىلغىنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى. لېۋپا جاڭ جيەنخۇڭنىڭ ئۈستىگە يىقىلغان ئاشۇ دەقىقىدە، جاڭ جيەنخۇڭنىڭ يۈرىكى «پىژ ـ پىژ» قىلىپ قالاتتى.

ئىككىنچى يىلى ياز، شەھەرلىك پارتكوم قورۇسىدىكى قىپقىزىل ئېچىلىپ كەتكەن خېنىگۈلگە قارىغانسىرى ئادەمنىڭ مەستلىكى كېلەتتى. لېۋپا توساتتىنلا كىچىك ۋاقتىدا ئاپىسىنىڭ تىرناقلىرىغا قىپقىزىل قىلىپ خېنە قويۇپ قويىدىغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى ـ دە، خىزمەتداشلىرى بىلەن بۇ توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، جاڭ جيەنخۇڭ:

— كىچىك ۋاقتىمدا مەنمۇ خېنە قويۇپ باققان، — دەپ قالدى. ھەممەيلەن، قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— راست دەۋاتىمەن، — دېدى جاڭ جيەنخۇڭ، — مەن يالغۇزلا بالا بولغاچقا، ئاپام مېنىڭ ياخشى چوڭ بولالماسلىقىمدىن ئەنسىرەپ، مېنى قىزچە ياساپ باققان. ماڭا ئەمدى ئۇنداق قىلىش نېسىپ بولمايدۇ، بىراق، سىلەر بالىلىقىڭلارنى ئەسلەپ، خېنە قويۇپ باقساڭلار بولىدىغۇ، — دېدى جاڭ جيەنخۇڭ يەنە ئاياللارغا قاراپ، — تونۇگۈن بىر ژۇرنالدىن ئوقۇسام، تىرناققا خېنە قويسا، تىرناق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. خېنە ھەم چىرايلىق ھەم سالامەتلىككە پايدىلىق، دېگەن گەپتە ـ بۇ.

جاڭ جيەنخۇڭنىڭ بۇ گەپلىرى لېۋپاغا

تەسىر قىلىپ قالدى. جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىشتىن چۈشكەندە خېنىنگۈلنى سوقۇپ مەلھەم قىلىپ، قولىنىڭ سەككىز بارمىقىغا، پۇتىنىڭ سەككىز بارمىقىغا دورىلىق لىنتا بىلەن ئوراپ قويۇۋالدى. بارماقلىرىنىڭ قىزىلى قىزىل، ئېقى ئاق بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا ئەتەي قويمىدى. خېنىنى دورىلىق لىنتا بىلەن ئوراپ قويۇشنى ليۇپا ئۆزى ئىجاد قىلدى. ئەسلىدىغۇ پاقا يوپۇرمىقىغا ئوراپ قويسا بولاتتى، بىراق پاقا يوپۇرمىقىنى نەدىن تاپىدۇ؟

خېنە ليۇپانىڭ قولىدا بىر كېچە تۇرغاندىن كېيىن، تىرناقلىرىغىلا ئەمەس، بارماقلىرىنىڭ ئۇچكىسىغىمۇ قىپقىزىل ئىچىپ كەتتى. بارماقلىرىنىڭ ئۇچكىسىدىكى خېنىنى ئىككى كۈن يۇيۇپ چىقاردى. ئۇ دۈشەنبە كۈنى ئىشقا كەلگەندە، جاڭ جيەنخۇڭ بىر قاراپلا ئۇنىڭ خېنە قويغانلىقىنى بىلىۋالدى. لېكىن، ئېرەن قىلمىغان هالدا ئۇنىڭ قولىغا «لەپپىدە» قاراپ قويۇپ، گەپ قىلمىدى. گەپ قىلمىسا، قىلمىسۇن، ئۇ گەپ قىلمىسا، ليۇپا ئۇنىڭغا «خېنە قويدۇم» دەپ قولىنى كۆرسىتىپ يۈرەمتى.

— تىرناق ئالغۇچىڭىز بارمۇ؟ تىرنىقىم ئۆسۈپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن ۋە قولىنى چىقىرىپ ليۇپاغا كۆرسەتتى.

— نەدىكىنى، — دېدى ليۇپا، — تىرنىقىڭىز بەك ئۆسۈپ كەتمەپتۇ.

— مۇشۇنى ئۆسمەپتۇ دېسىڭىز، بۇنىڭدىن بەك ئۆسۈپ كەتسە، چوكىدەك بولۇپ كېتەر، مانا، سىزنىڭ ئۆسمەپتۇ، — دېدى جاڭ جيەنخۇڭ.

ليۇپامۇ قولىنى چىقاردى. بۇ ئىككى قولنىڭ بىرى چوڭ، بىرى كىچىك. بىرى قارا، بىرى ئاق؛ بىرى تاتىراڭغۇ، بىرى يۇمشاق بولۇپ، ليۇپانىڭ تىرناقلىرىدىكى قىپقىزىل خېنە گويا ياقۇتتەك پارقىراپ تۇراتتى. جاڭ جيەنخۇڭ بىر هازا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە:

— راستىنلا خېنە قويۇۋاپسىزغۇ؟ — دېدى كۈلۈپ، — بەك سەت تۇرۇپتۇ.

— سەت تۇرغان بولسا، قارىماڭ، كىم سىزنى قاراڭ دەپتۇ، — دېدى ليۇپا ۋە قولىنى چۈشۈرۈۋېلىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. جاڭ جيەنخۇڭ گېزىتنى تۇتۇپ ئولتۇرغان بىلەن، بىر هازاغىچە بىر بېتىنىمۇ ئۆرىمىدى. ليۇپا شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بېغىشىدىكى بۇ بىر جۈپ قولنىڭ ئاللىقاچان جاڭ جيەنخۇڭنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئوت بولۇپ كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى پەملەپ بولدى.

يەنە بىر قېتىم ئۇلار تىياتىرخانىغا ئويۇننىڭ رېپېتىتسىيىسىنى كۆرگىلى باردى. قايتاشىدا ئۇلار ئولتۇرغان تاكسىنىڭ شوپۇرى ئۇلارغا يېڭىلا ئالغان چىلاننى يەپ بېقىڭلار، دەپ تەڭلەپ تۇرۇۋالدى. جاڭ جيەنخۇڭ چىلاندىن بىر سىقىم ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى ـ دە، ئاندىن ئۇنى ئىككى تال، ئىككى تالدىن ئېلىپ، بىرىنى ليۇپاغا بېرىپ، بىرىنى ئۆزى يېدى. ئۇ هەر قېتىم يانچۇقىدىن ئىككى تال چىلان ئالغاندا، قىزىلىنى تاللاپ ليۇپاغا بېرىپ، توكىنى ئۆزى يەيتتى. ليۇپا ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆزىنىڭ قىرىنى سېلىپ، چاندۇرماي كۆرۈپ تۇراتتى ـ يۇ، بىلمىگەنگە سېلىۋالاتتى. بەرگىنىنى تارتىنماي ئاغزىغا «كوپۇلدۇتۇپ» سالاتتى. تاكسىنىڭ ۋىڭلداپ ماڭغان ئاۋازىلا ئاردىكى بۇ تاتلىققىنە جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ، ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىۋاتقانلىقى مۇشۇنىڭلىق بىلەنلا بولدى بولارمۇ؟ كۆڭۈل بار، هەرىكەت يوق، لاۋۇلداپ يېلىنجاۋاتقان ئوت بار، تەپەككۇر يوق، ئىچىگە توشۇپ كەتكەن گەپ بار، ئاغزىدا يوق، هەممە ئىش كۆڭۈلگە بەش قولدەك ئايان، لېكىن ئاغزىدىن «مۇ» دەپ چىقارغىلى بولمايدۇ.

ياخشى كۆرۈش دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق دېگەن بىلەن نېمە

پايدىسى؟ كۆڭلىنى ئېغىزىدا «مۆ» دەپ ئىزھار قىلغان بىلەن نېمە پايدىسى؟بۇ ئىشلار لېۇپاغا بەرىبىر، بۇنىسى ئۇنىڭغا ئايان. لېكىن، جاك جيەنخۇك بىر قەدەمنى خاتا باسسىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ خوتۇنىغا بولغان كۆڭلى ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس، ئۇبدان ئۆتۈۋاتقان ئەر ـ خوتۇنلاردىن ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق جىم تۇرۇۋېلىش ئۆزىنىڭ تىنچ تۇرمۇشىنى بۇزماسلىقنىڭ زۆرۈر شەرتى. شۇنداق ئىكەن، كۆڭلىدىلا ياخشى كۆرۈپ، تېشىغا چىقارمىغان تۈزۈك. سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىشتىن ئوبدىنى يوق. بۇنداق بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىش ئۇنى سەل لىگىتاسىمىدەك كۆرسىتىپ قويغان بولسىمۇ، بۇنداق لىگىتاسىملىقنىڭمۇ يەنە ئادەمنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان تەرەپلىرى بار. چىن ۋە يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. يالغۇز ئۆتۈۋاتقان لېۇپا ئاشۇنداق سۈكۈت ئىچىدە يۇرۇشىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇ جاك جيەنخۇڭنىڭ ئۆزىگە يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرۈشىدىن ھەرگىز ئۆزىنى تارتىپ يۈرمىدى. ئۇنداق قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنىمۇ بىلىدۇ. جاك جيەنخۇك ئۆزىنى بىلمەي، ئىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدىغانلاردىنمۇ ئەمەس. تىزگىنىنى تۇتالايدۇ. لېكىن، لېۇپامۇ بۇ ئىشلار ئۈچۈن كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپمۇيۈرمىدى. پاراكەندە بولغۇدەك نېمە بار؟ ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر ـبىرىگە كۆڭۈللىرىدە سۇ يۈگۈرۈپ تۇرغىنى بىلەن، كوچىلاپ كەلسە، ئەمەلىيەتتە ھېچ ئىش يوق. گويا بىلىق سۇ ئاستىداشۇنچىلىك ئەركىن ـئازادە ئۈزۈپ يۈرگەن بىلەن، سۇ يۈزىگە چىقىپ قالسىلا تۇنجۇقۇپ قالىدىغاندەك، ئۇنداق ئىشلارنى كوچىلاۋېرىشنىڭ ئۆزى ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىق بولىدۇ. لېۇپا گويا بېلىقنىڭ مۇز تۇتۇپ كەتكەن دەريانىڭ ئاستىدىكى ئېقىنىغا تەشنا بولغىنىدەك، ئاشۇنداق سۈكۈتكە تەشنا. بېلىق دېگەن نېلۇپەر يوپۇرمىقىنىڭ ئۇ يېقىدىمۇ، بۇ يېقىدىمۇ، ئوڭ تەرىپىدىمۇ، سول تەرىپىدىمۇ پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ يۈرۈۋېرىدۇ. پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ يۈرگۈسى كەلمەي قالغاندا، نېلۇپەر يوپۇرمىقىنىڭ خۇش ھىدىنى ھىدلاپ، ئۇيقۇغا كەتسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

5

لېۇپا دوستى بىلەن بازاردا كەچلىك تاماق يەپ، ئۆيىگە كەلگەندە سائەت 10 بولدى. ئۇ ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ، يۇيۇنۇپ، ياتقىچە 11 يېرىم بولدى. ئۇ ئادەتتىمىغۇ مۇشۇ ۋاقىتلاردا ياتاتتى. لېۇپا چىراغنى ئۆچۈردى. دېرىزە پەردىسىنى چۈشۈردى. كىيىملىرىنىڭ بىرىنى قويماي سېلىپ تاشلاپ، قىپيالىڭاچ بەدىنىگە ئەدىيالنى يېپىنىۋالدى ـ دە، مۇزىكا ئاڭلىغاچ ئۇخلىسىغا چۈشۈپ ياتتى. ئۇ تالا ـ تۈزگە چىقىپ قالمىسىلا، كەچتىكى ۋاقىتلىرى ئادەتتە مۇزىكا ئاڭلاش، ئانچە ـ مۇنچە كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتەتتى. تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆي ئىجارىگە ئالغان ئۆي بولغاچقا، بەرىبىر يەنە كۆچىدىغان گەپقۇ، دەپ تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ دېگەندەك «لىككىدە» قىلىپ كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئېغىر ـ يېنىك نەرسىلەرنى ئالمىغانىدى. ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن يىلى كىچىك ئاپىسى ياپونىيەدىن ئەكەلگۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىكىنى مۇبارەكلەپ بەرگەن كىچىك بىر ئۈنئالغۇسى بار ئىدى. ئۇنىڭ سۈپىتى بەك ياخشى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئاڭلانغان مۇزىكا كىشىنى گويا قانات چىقىرىپ، كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا چۆمدۈرەتتى.

لېۇپا رۇسلارنىڭ«ئالما»، «كاتيۇشا» دېگەندەك يېنىك، كلاسسىك ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ياتاتتى. لېۇپا مۇشۇنداق ناخشىلارغا ئامراق ئىدى. ئۇ، رۇسلارنىڭ مۇزىكىلىرى ئاجايىپ رومانتىك، مۇڭلۇق، لىرىك، بەخت ـ سائادەت ۋە دەرد ـ ھەسرەت بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئازاب ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت بالقىپ تۇرىدۇ. ئادەم ئاڭلىغانسېرى ئاجايىپ

ھۆزۈرلىنىدۇ، دەپ قارايتتى. بىر قېتىم
تەشۋىقات سىستېمىسى بىرلەشمە كۆڭۈل ئې-
چىش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەندە، ئۇ «دولانا»
دېگەن ناخشىنى ئېيتتى. كېيىن، بەزىلەر «بۇ
خوتۇننىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكىنى
ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن جۇمۇ، مۇشۇ كەم-
دىمۇ ئۇنىڭ نەدە بىر ئاتام زامانىدىكى ناخشىنى
ئېيتىپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان» دېيىشىپ،
ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتى. بۇ غەيۋەت
ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ليۇپانىڭ قۇلى-
قىغىمۇ يەتتى. لېكىن، ئۇچۇ؟ «بۇ گەپنى
دېگەن ئادەمنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇرى تازا
دېگەندەك ئەمەس ئىكەن. كونىلىقتا ئامىراق
ئادەم كونىسىدىن قول ئۈزەلمەيدۇ، ئۇنداق
گەپنى دېگەن ئادەم ئەسلىدە، بۇ خوتۇن ئاتام
زامانىدىكى ناخشىلارنى ئېيتىپ يۈرۈشكە ئام-
راقكەنۇ، ئەجەب يەنە ئېرىدىن ئاجرىشىپ
كېتىپتا؟» دېگەن بولسا توغرا بولاتتى، دەپ
كۈلۈپلا قويدى. ليۇپانىڭ بەزى خىزمەتداشلى-
رى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:
— ئاشۇنداق گەپنى دېگەن ئادەم سىز-
نىڭ يۈزىڭىزگە شۇنداق دېگەن بولسا سىز
نېمە دەيتتىڭىز؟ — دېيىشىدى، ليۇپا:
— مەن تەگكەن ئەر ئاتام زامانىدىكى
ئادەم ئەمەسكەن، ياش كېلىپ قالدى،
دەيتتىم، — دېدى.
ليۇپا تىڭشىغۇچنى قولىقىغا سېلىۋېلىپ،
ئۈنئالغۇنىڭ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى.
لېكىن، شۇنداقتىمۇ ئۈنئالغۇنىڭ ئاۋازى يەنىلا
شۇنداق سۈزۈك. ئازراقمۇ گاژ ـ گۇژ يوق ئى-
دى. ليۇپا ئىككى كۆزىنى «چىڭگىدە» يۇمۇ-
ۋېلىپ ناخشا تىڭشاپ ياتاتتى، تۇساتتىن،
بويىنىغا مۇزدەك بىر نەرسە تەگكەندەك بولدى.
ئۇ كۆزىنى ئاچتى، كارىۋىتىنىڭ تۈۋىدىلا بىر
ئادەم «تىككىدە» ئۆرە تۇراتتى. ئۇ ئادەمنىڭ
چىرايى بۇ تۈن قاراڭغۇسىدىنمۇ قارا ئىدى.
قاش ـ كۆزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئىنچى-
كىدىن ئىنچىكە ئۈزۈنتۇرا بۇ ئادەم كۆيۈپ
قاقشال بولۇپ قالغان كۆسەيگىمۇ، كىنولاردىكى
بېشىغا قارا پايپاق كىيىۋالغان بۇلاڭچىغىمۇ
ئوخشايتتى.
ليۇپا بىردىنلا ئېسىنى يىغىۋالدى ـ دە،
«بۇلاڭچى» دەپ ئويلىدى. نېمە ئىش ئىكەن-
لىكى كۆڭلىگە ئايان بولدى. ناخشىنى ئاڭلاپ
بولۇپ، ئۇخلايدىغان چاغدا ياپىمەن، دەپ دې-
رىزىنى ياپمىغانىدى.
— پۇلۇم ئۇستەلنىڭ ئۈستىدىكى سوم-
كىدا، — دېدى ليۇپا
— قانچىلىك؟
— 400 نەچچە يۈەن، بار ـ يوقى شۇ.
— ئۆزۈڭ ئېلىپ بەر، چىراغنى
ياقما، — دېدى ئەر.
— كىيىمىنى كىيىۋالاي، بولامدۇ؟
— بولمايدۇ، — بۇ ئەرنىڭ ھەر بىر گې-
پىدە بىر خىل ئاھاڭ بار بولۇپ، ئەنىڭدۇ، بىر
يەرنىڭ شېۋىسىغا ئوخشايتتى. ليۇپا بۇنداق
شېۋىنى بىر يەردە ئاڭلىغاندەكلا قىلىمەنغۇ،
دەپ ئويلىدى. ليۇپاغا شۇنىسى ئايانكى، ناۋادا،
ليۇپا بۇ بۇلاڭچىلىقتىن ئامان ـ ئېسەن قۇ-
تۇلۇپلا قالسا، ئۇنىڭ قانداق شېۋىدە سۆزلەي-
دىغانلىقى ساقچىلارنىڭ دېلونى پاش قىلى-
شىدىكى بىر يىپ ئۇچى بولۇپ قالاتتى.
لېكىن، ليۇپا زادى ئېسىغا ئالالمىدى. ئۇ،
ئورنىدىن تۇرۇپ، لۆڭگىنى مەيدىسىدىن تۇتۇپ
ئورنىۋالدى ـ دە، بىر ئۇچىنى قولتۇقىنىڭ
ئاستىغا قىستۇرۇپ قويدى. قاراڭغۇدا تىمىسقى-
لاپ يۈرۈپ، سومكىسىنى تېپىپ، پۇلنى ئالدى.
— پۇل چېكىڭچۇ؟
— ئىشخانامنىڭ بىخەتەرلىك ساندۇقىدا،
— ليۇپانىڭ بۇ گېپى راست ئىدى.
— كرېدىت كارتاڭچۇ؟
— يوق. مەن زادى كارتا ئىشلەتمەيمەن.
— يالغان سۆزلىمە! — ئۇ ئەر قولىدىكى
پىچاقنى پۇلاڭلاتتى. پىچاقنىڭ بىسى ئۇنىڭ
ئۆزىدىن ۋە ليۇپادىن خېلىلا يىراقتا يالتىراۋا-
تاتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بۇنداق ئىشقا سەل

خاملىقى چىقىپ تۇراتتى.

— تاپ دېگەندىن كېيىن تاپ! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ.

لېۇپا چىراغنى ياقتى. ئۇ ئەر ئىختىيارسىز ھالدا قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى. ئۇ بېشىغا قارا پايپاق كىيىۋالغاندىن كېيىن ئۇنداق قىلمىسىمۇ بولاتتى. پايپاقنىڭ ئۇششاق تۆشۈكلىرىدىن يۈزى يالتىراپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چىرايىنىڭ كېپىتىمۇ مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى.

— كىم ساڭا چىراغ ياق دەپتۇ؟ — دېدى ئۇ.

— چىراغنى ياقمىسام، قاراڭغۇدا قانداق ئىزدەيمەن؟ — دېدى لېۇپا ۋە تام تۈۋىگە كېلىپ، تام ئىشكاپىنىڭ ئىشكىنى قەستەن تامغا «تاق» قىدە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ ئاچتى. لېۇپا بۇ بۇلاڭچىنىڭ 20 نەچچە ياشلار چامىسىدا ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنداق ئىشقا تېخى خام ئىكەنلىكىنى پەملەپ قالدى. خام بولمىغان بولسا، «كارتاڭنى تاپ» دېمەي، «چىقار» دەيتتى. پىچاقنىمۇ بەش كۇنلۇك يەردە پۇلاڭلىتىپ تۇرۇۋالمايتتى. بۇنداق قىلىپ تۇرۇۋالسا، ھەيۋىسى ئاجىزلاپ كەتمەي قالامتى. ئۇ بۇنداق ئىشقا پىشقان بولسا، باشقىلارنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، لېۇپانى «غىڭ» قىلغۇزمايتتى. بۇنداق يېڭىياچە بۇلاڭچىنىڭ ئىشلىرىدىن يوچۇق تاپقىلى بولماي قالمايدۇ. يوچۇقلا تېپىلىدىكەن، لېۇپانىڭ قۇتۇلۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بار، دېگەن سۆز. يامان يېرى، يېڭىياچە بۇلاڭچى دېگەن قورقۇنچىلىقتا ئاسانلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالىدۇ. شۇڭا، لېۇپا بۇنداق چاغدا ئۇبدان پەيتنى تاپمىسا بولمايدۇ.

لېۇپا ئىشكاپنىڭ ئىچىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئاختۇرغان بولدى - دە، «تاراق - تۇرۇق» قىلىپ خۇيىگىنى ئويغىتىش نىيىتىدىن يالتىيىپ قالدى. خۇيىگىنىڭ ئادەتتىكى مىجەزىدىن ئالغاندا، بىر ئىشلارنىڭ زىر - زەۋىرىگە ئاڭچە ئېرەنقىلىپ كەتمەيتتى. ئىككىسى ھەر قايسىسى ئۆزھۇجرىلىرىدا بىر - بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى. لېۇپا بەزىدە خۇيىگىنىڭ ھۇجرىسىدىن يېرىم كېچىلەردىمۇ «تاراق - تۇرۇق» قىلغان ئاۋازلارنى ئاڭلىسىمۇ، ھەتتا ئەرلەرنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسىمۇ، «نېمە ئىش» دەپ سوراپ باقمىغانىدى. ئەمدىلىكتە، خۇيىگ بۇ «تاراق - تۇرۇق» نى سەزگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئەسقاتمايلا قالماي، ئۆزىگىمۇ ئىش تېرىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن لېۇپا بۇ ئىش مېنىڭ بېشىم بىلەنلا كەتسۇن دېگەن يەرگە كەلدى.

— ئىزدىسەممۇ بىكار، — دېدى لېۇپا، — بۇ يەردە ئامانەت كىنىشكىسى ۋە كارتا دېگەن نەرسىلەر يوق. يوق نەرسىنى نەدىن تاپىمەن؟ ئىشەنمىسەڭ، ئۆزۈڭ دە، مەن سەن دېگەن يەرگە قاراي.

ئەر «تىككىدە» ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن نېمە قىلارنى بىلەلمەي قېلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ كېتىشىدىن لېۇپا ئۇنىڭ ھەقىقەتەن بۇنداق ئىشنى بۇرۇن قىلىپ باقمىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. ئىش كۆرگەن بۇلاڭچى بولسا بۇنداق چاغدا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرمايتتى.

— پۇلغا يارىغۇدەك ماۋۇ نەرسىلىرىم بار، — دېدى لېۇپا بىر كومپيۇتېر (ئۇنى بۇلتۇر بۆلۈمدىن بەرگەن) بىلەن ھېلىقى ئۇنئالغۇسىنى كۆرسىتىپ، — بۇ ئىككىسى ئىككى - ئۈچ مىڭ يۈەنگە ياراپ قالىدۇ.

— خالتىغا سال، — دېدى ئەر. لېۇپا ئۇلارنى خالتىغا سالدى. خالتىغا كۆز يۈگۈرتۈۋېدى، «جيۇخۇا تاللا بازىرى» نىڭ خالتىسى ئىكەن.

— ساقچىغا مەلۇم قىلغۇچى بولما! — دېدى ئەر ۋە پىچاقنى تۇتقان پېتى كەينىگە داجىدى. شۇ تاپتا ئۇ لېۇپادەك بۇنداق بىر

ئاجىز مەزلۇمنىڭ ئالدىدا ئەمەس، تولۇق قوراللانغان ساقچىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. ليۇپا بېشىنى لىڭشىتتى. لېكىن، نېمىشقىدۇر، كۈلگۈسى كېلىپ قالدى. ئۇ ئەرنىڭ بۇ گېپىدىن ليۇپا تۇرۇپلا كىچىك ۋاقتىدا يازلىق تەتىللەردە يېزىغا مومىسىنىڭ يېنىغا بارغاندا، كەنتنى ئايلىنىپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ ئوينىغان ۋاقىتلىرىنى ئەسلەپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇ ھەر قېتىم ئۆستەڭگە ئوينىغىلى بارغاندا، كىيىملىرىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋېتەتتى. لېكىن، مومىسى ئۇنىڭغا ھەر قېتىمدا«كىيىمىڭنى ھۆل قىلىۋەتمە» دەپ تاپىلاپ تۇراتتى.

ئۆيگە باستۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغىلى كىرگەن ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا بالىلىق ۋاقتىنى ئەسلىتىپ قويغىنى بىر قىزىق ئىش بولدى - دە، بۇ ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى گۆدەكلىك ئۇنىڭ كۆرۈنۈشىدىكى ياۋۇزلۇقنى بېسىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن قاتتىق پەخەس قىلىپ تۇرۇۋاتقان ليۇپانىڭ تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

ئۇ ئەر دېرىزىگە چىقتى.

— ئىشكتىن چىقىپ كەتسەڭمۇ بولاتتى، —دېدى ليۇپا، — دېرىزە بەك خەتەرلىك.

ئۇ ئەر ليۇپانى راست دەۋاتامدۇ ياكى مېنى تۇزاققا دەسسەتمەكچى بولۇۋاتامدۇ، دەپ دەڭسەپ باقماقچى بولغاندەك، بىر قولىدا خالتىنى، بىر قولىدا پىچاقنى تۇتقان پېتى دېرىزە تەكچىسىدە ئۆرە تۇرۇپ قالدى. ليۇپامۇ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يەر ۋە تورۇس بىلەن بولغان ئېگىزلىكىدىن قارىغاندا، 1.75 مېتىر ئەتراپىدا ئىدى. ئۇچىسىغا توق كۆك ئاسما مايكا كىيىۋالغان بولۇپ، كەڭ يەلكىسى بىلەن توم بىلەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەيدىسىدىكى پولتىيىپ تۇرغان بولجۇڭ گۆشلىرى جىددىيلىشىپ كەتكىنىدىن تاياقتەك قېتىپ قالغانىدى. توم، كۆچتۈككۈر بىلەكلىرىدە باغچىنىڭ چىغىر يولىدىكى ئۇششاق شېغىللاردەك مۇدۇر - سۇدۇر بىر نېمىلەر بار ئىدى. قولتۇق، مەيدە ۋە پۇتلىرىدىكى قاپقارا تۈكلەر گويا بولۇق ئۆسكەن چىمدەك تولىمۇ ئۆسكۈلەڭ ئىدى.

نېمىدېگەن كۆچتۈككۈر ئادەم بۇ، بۇنىڭ بىلەن ئېلىشقىلى بولامدىغان، بۇ تەرىپى ليۇپاغا ئايان ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى ليۇپا ھە دېگەندىلا بۇ ئادەم بىلەن ئېلىشىپ يۈرمەپتۇ. ئۇ گېزىتتىن كىشىلەر بۇنداق جىنايەتچىلەرگە يولۇققاندا، ئادەتتە مۇنداق تۆت خىل ئاقىۋەت كۆرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەھلىلنى ئوقۇغانىدى. بىرىنچىسى، ھەم جىنايەتچىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ھەم ئۆزىنى قوغداپ قېلىش، بۇنداق ئادەم ھەم ئەقىللىق ھەم باتۇر ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىسى، جىنايەتچىنىڭ ئەدەپىنى بېرىشنى بەرگەن بىلەن ئۆزىنى قوغدىيالماسلىق، بۇنداق ئادەم باتۇر بولغان بىلەن، بەختسىزدۇر. ئۈچىنچىسى، جىنايەتچىنىڭ ئەدىپىنى بېرەلمىگەن بىلەن، ئۆزىنى قوغداپ قېلىش، بۇنداق ئادەم ئەقىللىق ھەم بەختسىزدۇر. تۆتىنچىسى، جىنايەتچىنىڭ ئەدىپىنىمۇ بېرەلمەي، ئۆزىنىمۇ قوغدىيالماي قالغانلار، بۇنداق ئادەم بەختسىزدۇر. ھەر كىمنىڭ بىرىنچى خىلدىكى ئادەم بولغۇسى كېلىدۇ. لېكىن، ئۇنداق بولالايدىغانلار تولىمۇ ئاز. ليۇپا ئۆزىنىڭ پرىنسىپى بويىچە بولغاندا، بىرىنچى خىلدىكى ئادەم بولالمىغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى خىلدىكى ئادەم بولسامۇ بولاتتى، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ باتۇرمۇ بولماي، بەختسىزمۇ بولۇپ قالماي، ئۆزىنى قوغداپ قالسىلا بولاتتى. ئۆزىنىڭلا بېشى ئامان - ئېسەن بولسا، قالغان ئىشنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى.

— نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟ — دېدى ئۇ ئەر ئاخىرى زۇۋانغا كېلىپ.

— كىچىككىنە پۇلنى دەپ، پۇتىنى سۇندۇرۇۋالمىسۇن، دەيمەندە سېنى، — دېدى

ليۇپا.

ئەر دېرىزىدىن «دىككىدە» چۈشتى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. قولىدىكى پىچاق خۇددى ئۈششۈك تەگكەن تەرخەمەكتەك پۈلاڭشىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. ليۇپا مىدىر ـ سىدىر قىلماي، جىمجىت قاراپ تۇردى. ئۇ ئەر ليۇپانىڭ يېنىدىن سۈركىلىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، توساتتىن پۇتى سەل قايرىلىپ كەتكەندەك بولۇپ قېلىپ، سەنتۈرۈلۈپ كەتتى ـ دە، ليۇپانىڭ ئۈچىسىدىكى لۆڭگىنى چۈشۈرۈۋېتىپ قالدى. ئەرنىڭ بەدىنىدىكى پۇراق گويا تاغدىن چۈشكەن سەلدەك ليۇپانىڭ جىلغىسىغا باستۇرۇپ كەلدى. ليۇپانىڭ بېشى قۇيقۇرۇق بولۇپ، قېتىپلا قالدى. شۇ ئارىلىقتا، ئۇ ئەر ليۇپانى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا تاشلاپ، ئاستىغا بېسىۋالدى. ليۇپا ئىختىيارسىز ھالدا ۋارقىرىماقچى بولۇۋېدى. ئۇ ئەر ئۇنىڭ ئاغزىنى بادرىدەك قولى بىلەن مەھكەم ئېتىۋالدى. ليۇپا ئۇنىڭ قولىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن كىرگەن ھاۋادىلا نەپەس ئېلىۋاتاتتى. بىردەملىك ئۇياق ـ بۇياققا ئىتتىرىشىش ۋە تىركىشىشتىن كېيىن، توساتتىنلا ليۇپانىڭ پۈتۈن بەدىنى «لاسسىدە» بوشاپ كەتتى.

ليۇپا بۇ باسقۇنچىلىقنى قوبۇل قىلدى. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالدى. ئۇ ھۇزۇرلانغان ئاشۇ دەقىقىدە ئەر «چىپپىدە» توختىۋېلىپ، «پەيزى بولدىمۇ؟» دەپ پىچىرلىدى. ليۇپا گەپ قىلمىدى. ئۇ بېشىدىكى پايپاقنى يۇلۇپ ئېلىۋەتتى. ليۇپا ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆردى.

ئەر يەنىلا دېرىزىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۈنئالغۇ بىلەن كومپيۇتېرنى ئالمىدى.

ـــ پۇلىڭىزنى ئىشلىتىپ تۇراي، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بېرىۋېتىمەن، ـــ دېدى ئۇ.

6

ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا، جاڭ جيەنخۇڭ ليۇپاغا:

ـــ قايتىپ بېرىپ تەييارلىقىڭىزنى قىلىڭ، ئەتە تاغقا بارىمىز، ـــ دېدى. تاغ دېگىنى سۇيىيۇ تېغى بولۇپ، شەھەر تەسىس قىلغان دۆلەت دەرىجىلىك مەنزىرىلىك رايون ئىدى. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ يەرگە «دۆلەت ئورمان باغچىسى» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان. بۇ يىل يەنە دۆلەت گېئولوگىيىلىك باغچا قىلىشقا بوللىنىپ، ئۆگۈنلۈككە ئۇنىڭغا ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمىدىن كېيىن، ليۇپالارنىڭ باشقارمىسىنىڭ تەشكىللىشىدە سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. سەنئەت كېچىلىكىدە قويۇلىدىغان ئويۇنلار تەييارلىنىپ بولۇندى. لېكىن، رىياسەتچىنىڭ سۆزىنىڭ راۋان بولغان ـ بولمىغانلىقى، پالاسنىڭ ياخشى سېلىنغان ـ سېلىنمىغانلىقى، ئاۋاز ياڭراتقۇ ۋە ئۇنىڭ سىملىرىنىڭ ساق ياكى ئەمەسلىكى، گۈل ـ رەڭلىك شارلارنىڭ سىنغا ئېلىشقا تاقىشىدىغان ـ تاقاشمايدىغانلىقىدەك ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈۋەتمىسە بولمايتتى.

تەييارلىق ھەر قانچە پۇختا ئىشلەنگەن بىلەنمۇ ۋاقتى كەلگەندە يەنە ئانچە ـ مۇنچە كاشىلا چىقماي قالمايتتى. ۋىۋىسكىنى ياپقان قىزىل تاۋار يوپۇقنى بىر كىچىك بالا بىردەمدىلا قاراپ تۇرۇپ ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇنى بازارغا بېرىپ باشقىدىن ئەكىلىشكە توغرا كەلدى. تۆت چاسا بولۇپ تىزىلىپ ئولتۇرىدىغان ئەترەتلەرنىڭ كىيىملىرىنىڭ رەڭگى بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەي، ئۇلارنى قايتا تىزىلدۇرۇشقا توغرا كەلدى. پوجاڭزا ئاتىدىغان يەر يىغىن مەيدانىغا بەك يېقىن بولۇپ كېتىپ، ئۇنى كەينىگە سۈرمىسە بولمىدى. رەختتىن تىكىلگەن زىننەت ئىشكىگە يەل بېرىدىغان شامالدۇرغۇچ بۇزۇلۇپ قېلىپ، سۈيىيۇ مېھمانخانىسىنىڭ ئاشخانىسىدىن ئۆتنە ئېلىپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. باشلىق قويۇلماقچى

بولغان ئويۇنغا يەنە بىر نەچچە نومۇرنى قوشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئارتىسلارنىڭ مەيدانغا كىرىش تەرتىپى ۋە ئۇلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تاماقلاردىن تارتىپ ھەممىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەشكە توغرا كەلدى.... ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن، مەيداننى تازىلاش، رەتلەش، نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئاپتوموبىلغا بېسىش، كەلگەنلەرنى يولغا سېلىش، ھېسابات قىلىش دېگەندەك ئىشلار ليۇپا بىلەن جاڭ جيەنخۇڭنى ھارغۇزۇپ، پايپېتەك قىلىۋەتتى. ئۇ ئىشلار تۈگىگەچە يېرىم كېچە بولۇپ كەتتى. شەھەرگە قايتىدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى كېتىپ بولدى. جاڭ جيەنخۇڭ باشلىقىغا تېلېفون بېرىپ، ئاپتوموبىل ئەۋەتىشنى ئېيتسۇۋىدى، باشلىق ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى ئۆلكىگە مېھمانلارنى ئېلىپ كەتكەن، قايتىپ كەلمىدى، ئاشۇ يەردىكى مېھمانخانىدا يېتىپ قېلىڭلار، ئەتە ئاپتوموبىل ئەۋەتەيلى، دېدى.

ئۇلار مېھمانخانىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى، قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە بىر مۇئاۋىن دىرېكتور بىلەن بىللە كەچلىك تاماق يېيىشتى. ئەرلەر ئاق ھاراق ئىچىشتى. ليۇپا قىزىل ھاراق ئىچتى. ئۇلار شۇنچىلىك چاقچاقچى ئىكەنكى، ليۇپا كۈلۈپ، ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتتى. قىزىل ھاراقنىمۇ ئوبدانلا ئىچىپ قويدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئولتۇرۇشىدا مۇنداق بىر قىزىق ئىش بولدى. بۇ مېھمانخانىنىڭ مايدا پىشۇرۇلغان توخۇ قانىتى ئاجايىپ مەززىلىك ئىدى. ليۇپا توخۇ قانىتىغا ئامراق بولغاچقا، توختىماي غاجىلاپ يېگىلى تۇردى. ئىشخانا مۇدىرى ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ، ئىچىگە بىر جىن كىردى ـ دە:

— سىلەر دېگەن تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ قابىل كادىرلىرى، شۇنداق بولسىمۇ، سىلەر بىلەن بىر سۆز ئويۇنى ئويناپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ. قانداق، بولامدۇ؟ — دېدى.

— دەڭە، ئەمىسە، — دېدى ليۇپا بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي، ئۇنىڭ ئىككىلا قولى ماي بولۇپ كەتكەنىدى.

— كىچىككىنە قىزچاق مامۇقتەك قوللىرىغا قوندۇرۇۋاپتۇ توخۇنىڭ قانىتىنى، — دېدى مۇدىر. ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ليۇپانىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورنىڭ قولىدىكى چوشقا پاچىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى ـ دە:

— چوپچوڭلا ئەر خەق ئاجرىتىۋاتىدۇ چوشقىنىڭكىدەك پۇتىدا چوشقىنىڭ پاچىقىنى، — دېدى. قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇپانىڭ گەپدانلىقىنى كۆرۈپلا، ئىشخانا مۇدىرىغا بولۇشۇپ:

— كىچىككىنە قىزچاق بوش كەلمىدى گەپكە، بوش كەلمىسىمۇ گەپكە، يەنىلا شۇ ئەر خەقنىڭ كىچىككىنە قىزى، — دېدى. ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. خۇددى ياردەم تىلىگەندەك، ليۇپانىڭ كۆزى ئىختىيارسىز ھالدا جاڭ جيەنخۇڭغا چۈشۈپ قالدى. جاڭ جيەنخۇڭ تامنى ئىشارەت قىلدى. تامدا بۇۋى مەريەم ئانىنىڭ رەسمى ئېسىقلىق ئىدى. ليۇپانىڭ ئېسىگە «گۇپپىدە» بىر نەرسە كەلدى ـ دە:

— كىچىككىنە قىزچاق دېمىسىڭىزمۇ ئەر خەقنىڭ قىزى، ئەر خەق يەنىلا شۇ كىچىككىنە قىزنىڭ ئەر خېقى، كىچىككىنە قىزنىڭ ئەر خېقى بولمىسا ئەر كىشى، ئەر خەقلەر بۇ دۇنياغا كېلەر ئىكەن قاندىقى؟ — دېدى. شۇنداق قىلىپ بۇ سورۇندا، تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، گەپتە ئۇتۇۋالدى.

تاماقتىن كېيىن ليۇپا يۇيۇنۇپ بولۇپ، جىمجىتقىنا تاغ يولىدا مېڭىپ ھاۋا يەپ يۈرەتتى. يانفونىغا شياۋلونىڭ ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ ئەۋەتكەن ئۇچۇرى كېلىپ قالدى. ليۇپا شۇندىلا بۈگۈن ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. بايىلا تېخى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۆڭلى بىردەمدىلا غەش بولۇپ قالدى. ليۇپا ياتىقىغا قايتىپ كىرىپ تۇرۇشىغا، جاڭ جيەنخۇڭ

ئىشكنى چەكتى. ئىككىسى ئويۇننىڭ گەپلەرىنى قىلىشىپ، تاغدىن ـ باغدىن سۆزلەشىپ بىردەم ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن، دېيىشىدىغان گەپمۇ قالمىغىلى تۇردى.

— سىرتتا ئۆزىڭىز يالغۇز ھاۋا يەپ يۈرسىڭىز، قورقمامسىز؟ — دېدى جاك جېيەنخۇڭ.

— نېمىدىن قورقىمەن، يالغۇز يۈرۈش ياخشى ئەمەسمۇ؟

— يامان ئادەمگە ئۇچراپ قالسىڭىز، ياخشى دېمەس بولغىدىڭىز.

— ماڭا ئوخشاش يامان خوتۇن يامان ئادەمدىن قورقامتى؟

— ئۆزىڭىزنى خېلى ياخشى بىلىدىكەنسىز ـ ھە! —دېدى جاك جېيەنخۇڭ كۈلۈپ.

— ئۆزۈمنى بىلمەي، ئۇنچىلىك ئۆزۈمنى سورىيالمىغىدەك بولسام، ئۇنىڭدىن تامغا ئۇسۇپ ئۆلۈۋالغىنىم ياخشى، — دېدى ليۇپامۇ كۈلۈپ.لېكىن، كۆلگەندىكى چىرايىدىن مۇز ياغقاندەك قىلىپ قالدى. بۈگۈن ليۇپانىڭ تۇغۇلغان كۈنى. ئۇ توپتوغرا 29 ياشقا كىردى. شۇنچە ۋاقىتنىڭياقى ئۇ نېمە ئىشلارغا چېپىپ يۈردى؟ ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان دەسلەپكى مۇھەببەت، پاھىشە ئويناپ قويۇش بىلەن ئاياغلاشقان نىكاھ، 360 كۈننىڭ ھەممىسىدە بىر خىللا كېتىۋاتقان خىزمەت، يەنە يېقىندا يۈز بەرگەن ھېلىقى كېچىدىكى ئىش، خورلانغان بىلەن خورلانغاندەك تۇيغۇ بەرمىگەن، ئېنىقلا ئىش بولغان بىلەن، ئۆزىنىڭ راۋا كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى بىلىپ بولالمايدىغان ھېلىقى كېچە، بۇ كېچىنىڭ مانا مۇشۇ تەرىپى ئۇنى ئۆزگىگە تۇرماق،ئۆزىگىمۇ ئېغىز ئاچقۇزمىدى. ئۇنىڭ بارى ـ يوقى تارىخى مانا مۇشۇلىما؟ ئۇغۇ بىر ئاددىي ئايال، ئۆزۈننى ئويلايدۇ. لېكىن، ئوشۇقچە مەقسىتى، ئوشۇقچە تەلىپى يوق. بۈگۈنكى كۈنلىرىنى خاتىرجەم، تىنچ ئۆتكۈزۈشنىلا ئويلايدۇ. لېكىن بۈگۈن بىر كۈن، بىر كۈندىن تۇنۇگۈنگە ئايلىنىپ كەتكەندە، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ يۈرىكى ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ. ليۇپا ۋاقىت دېگەن گويا قازاننىڭ ھورى ئىكەن. تۇۋاقنى ئاچسىلا ھور «پۇررىدە» چىقىپ كېتىپ، تۇتۇۋالغىلى بولمايلا ئۆتۈپ كېتىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى.

كۈنلىرىمىز ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ھەم،
كۈنلەر تۇتۇقمۇ ئەمەس، ئۇچۇقمۇ ھەم.
ئۆتكىنىمدە دەرەخ تۈۋىدىن ئايرىلىپ،
ئوخچۇيدۇ شۇ زامان قەلبىمدىن ئازاب.

كارىدورنىڭ ئۇ چېتىدىن ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان بىر بالىنىڭ بۇ ناخشىسىنىڭ مەزمۇنى ليۇپانىڭ شۇ تاپتىكى كۆڭلىگە تولىمۇ ماس كېلەتتى. ليۇپا بۇرۇلۇپ دېرىزە سىرتىغا قارىدى. بۇ يەرگە ئادەمزات ئاياغ بېسىپ باقمىغاندەك، ئەتراپنى قاپقارا تاغ ئوراپ تۇراتتى. تولىمۇ ھەيۋەتلىك بۇ تاغ پۈتۈن مەۋجۇداتنى جىمجىت كۆزىتىپ ئولتۇرغان گىگانىت ئادەمگە ئوخشايتتى.

شىياڭگىلىرادا پەرىزات بارمىدۇ؟
دېر ئىكەن كىشلەر يۇرت ـ ماكان دەپ ئۇ يەرنى.
يۇرتقا يۇرت ئوخشىماس ھەرگىز،
بىر كۆرسەم دەيمەن شۇڭا ئۇ يەرنى،
بارسام لېكىن ئالمايمەن ھەمراھ،
بولىمەن قۇلىقى يۇمشاق بالا...

— مەن چىقاي، —دېدى جاك جېيەنخۇڭ ليۇپانىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

ليۇپا گەپ قىلمىدى، گەپ قىلغۇسىمۇ يوق ئىدى. ليۇپا بىلىپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ ئەسلىدە جاك جېيەنخۇڭغا «خوش، ياخشى چۈش كۆرۈڭ» ياكى «بىردەم ئولتۇرمامسىز؟» دەپ قويسا بولاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ گەپ قىلغۇسى كەلمىدى. «بولىمەن قۇلىقى يۇمشاق بالا» دېگەن بۇ ناخشا ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى «تىرىڭگىدە» چېكىپ ئۆتۈپ كەتتى. بېشىنى ئېگىگە تىقىپ ئۇزۇن ۋاقىت جىمىدە يۈرۈپ

كەتكەن ئادەملا مۇشۇنداق تېكىست يازالايدۇ. ليۇپا دەل مۇشۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت بېشىنى ئىچىگە تىقىپ جىممىدە يۈرۈپ كەتكەن ئايال. ئۇمۇ بىر ئۆزىنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ يۈرۈپ باقسا نېمە بولىدۇ؟ ئۆزىنى قويۇۋېتىپ يۈرۈپ باقسا، بۇ دۇنيا ئۆكتەي ــ توكتەي بولۇپ كەتمەس بولغىتى. ئۇ ئۆزىنى مەيلىگە قويۇۋەتسە، جاك جيەنخۇك ئۇنىڭغا «جان» دەپ قۇچاق ئاچقان بولاتتى.

ــ ليۇپا، مەن چىقاي، ــ دېدى جاك جيەنخۇك يەنە ليۇپانى سۆزۈمنى ئاڭلىماي قالدىمىكىن دەپ. ليۇپا ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇ تەرەپكە ئۆتتى. ئىشىك يېپىق ئىدى. ليۇپا ئىشىكنىڭ كېشىكىدىكى نەقىشكە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ليۇپا ئۈچۈن ئۆزىنى قويۇۋېتىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا ۋاقىتلىق، بۇنىسى ليۇپاغا ئايان.

جاك جيەنخۇك ئاستا مېڭىپ، ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نېمىنى تۇيغاندەك بولدى. ليۇپا ئەزەلدىن ئۇنىڭ ئالدىدا بۇنداق شۈكلەپ كەتمىگەن. جاك جيەنخۇك «مەن چىقاي» دېسە، ليۇپانىڭ جاۋاب بەرمىگىنى ئۇنى «چىقىپ كەتمەڭ» دېگىنى بولماي نېمە؟ ليۇپا ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ياتلىق بولمىغان ۋاقىتتىكىدەكلا بولۇپ قالدى. لېكىن، ئاچچىق يۇتقان ۋاقىتلىرى بولماي قالامتى؟ شۇنداقتىمۇ، ليۇپانىڭ ئاجىزلىقىنىڭ تېگىگە ئاجايىپ بىر خىل قەتئىيلىك يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ ئۆزىنى شۇنداق مەھكەم نىقابلىۋالغانكى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ قانداق ئىچ ئاغرىقى بارلىقىنى پەملىيەلمەيتتى. جاك جيەنخۇكنىڭ ئالدىدىمۇ شۇنداق ئىدى. دەرد ــ ئەلەمنى خەققە دادلىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ جاك جيەنخۇك ليۇپانىڭ مانا مۇشۇ تەرىپىگە قايىل ئىدى. باشقا قايغۇ ــ ھەسرەت، دەرد ــ ئەلەم كەلگەن ئىكەن، ئۆزى تارتماي نېمە چارە؟ خەقنىڭ دەردىنى خەق تارتىشىپ بەرمەيدۇ. دەردىنى خەققە دادلاپ، خەققە تەگەپ بەرگەن بىلەن نېمە بولماقچىتى؟ تەگسە تېرىق بولىدۇ. باشقا قىلچە پايدىسى يوق.

جاك جيەنخۇكمۇ شۇنداق. ئۆزىنىڭ دەردىنى باشقىلارغا دادلاپ يۈرمەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ليۇپامۇ باشقا ئاياللارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تېشىدا چاندۇرماي يۈرۈشلىرىگە قاراپ، جاك جيەنخۇكنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ. دەل مۇشۇ دەقىقىدە، ليۇپانىڭ شۇ قەدەر پۇختا نىقابى «جارت» تىدە قىلىپ يىرتىلىپ كەتتى. جاك جيەنخۇك بۇ يىرتىقتىن ئۇنىڭ ئېتىنى غىل ــ پال كۆرۈپ قالدى. يۇمران مايسىنىڭ يۇرىقى دىمىغىغا ئۇرۇلغاندەك بولدى. ليۇپا تىكەندەك يالغۇز، شۇ قەدەر نازاكەتلىك، شۇ قەدەر ئاجىز، گويا تاغدا ئۆسكەن چۇغلۇق. ئىنتايىن چېچەن، لېكىن شۇنچىلىك مىسكىن بۇ لەۋەن ئايال توپا ــ چاڭ، شاۋقۇن ــ سۈرەندىن خالىي بۇ تاغدا ئۇزۇندىن بېرى مەھكەم يۈركىنىۋېلىپ يۈرگەن نىقابىنى «شارت» تىدە ئېچىۋېتىپ قالدى. بۇ ھەم بىر خىل ئىشەنچ، شۇنداقلا بىر خىل ئازدۇرۇش.

جاك جيەنخۇك بىر قەدەم، ئىككى قەدەمدىن ئالدىغا ماڭدى. ئۇ قانداق قىلسا بولار؟ ليۇپا قۇچاقلىغانغا قويارمۇ؟ قويىدىغاندەكمۇ تۇرىدۇ. كېيىن بىرەر چاتاق چىقىرىپ يۈرەرمۇ ــ يا؟ بۇنىڭغىمۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ليۇپانىڭ مىجەزىدىن ئېيتقاندا، خېلى بىر ئاق ــ قارىنى بىلگۈچىلىكى بار ئايال. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭغا يېقىن يولاپ قالسا، بىرەر ئىشمۇ بولۇپ كەتمەس. بىرەر چاتاق چىقىش خەۋپى يوق دېيەرلىك بۇنداق پۇرسەتمۇ قولدىن كېتىپ قالسا، تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولمامدۇ؟ بەلكىم، بۇ بىردىنبىر پۇرسەت بولۇشى مۇمكىن... جاك جيەنخۇك ليۇپانىڭ يېنىدىن ياناپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ليۇپانىڭ خۇشخۇي پۇراق چېچىپ تۇرغان چېچى جاك جيەنخۇكنىڭ

مۇرىسكە تېگىپ كەتتى ـ دە، خۇددى توك-
تەك ئۇنى سوقۇۋەتتى. جاك جيەنخۇڭ شۇ زا-
مان ليۇپانى «كاپپىدە» تۇتۇۋېلىپ، دۇمبىسىنى
ئىشككە تىرەپ تۇرۇپ ئۇنى باغرىغا باستى.
جاك جيەنخۇڭ ليۇپانى «چوكۇلدىتىپ» توخ-
تىماي سۆيۈۋاتسىمۇ، ليۇپا دەماللىققا ھېچنې-
مىنى ئاڭقىرالماي قالدى. خەيرىيەت، بىردەم-
دىن كېيىن ئۇ ئېسىنى يىغىۋالدى. ئۇنىڭ
كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى
بىخەستەلىكى جاك جيەنخۇڭنى شامدەك
ئېرىتىۋەتكەنىدى. ليۇپا ئۆزىنى جاك جيەنخۇڭ-
نىڭ مەيلىگە قويۇۋەتكەن بىلەن، جاك جيەن-
خۇڭنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۇخلىسا چۈشىگە
كىرمىگەنىدى. ئۆزىنى ئىختىيارىغا قويۇۋې-
تىشنىڭ ئۆزى ئەركىلىگەنلىك. ئەركىلىگەن-
لىكنىڭ ئۆزى خەقنى ئىندەككە كەلتۈرۈش
ئۈچۈن بېرىلگەن بىر سىگنال. جاك جيەن-
خۇڭنى بىر ئالاھىدە ئادەم ھېسابلىمىغان بول-
سا، ليۇپا نېمىدەپ ئۇنىڭ ئالدىدا بۇنداق
ئالاھىدە سىگنال تارقىتىپ يۈرىدۇ؟ ئۇ ئەزەل-
دىن ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ساقلاپ يۈرىدىغان
ئايال ئىدىغۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەجەب ئۆزىنى
بىلمەي قالدا؟

جاك جيەنخۇڭ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ
سۆيۈۋالدى. ئۇ ئەرنىڭ ئىسسىق ھىدى ئۇنىڭ
باش ـ كۆزىنى قايدۇرۇۋەتتى. بۇنداق ھىدنى
ھىدلىمىغانىغا ئۇنىڭغا تالاي زامانلار بولغانىدى.
جاك جيەنخۇڭ ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرد-
دىغاندەك قىلاتتى. ئۇمۇ جاك جيەنخۇڭنى ئۆچ
كۆرمەيتتى. كۆڭلىگە خېلىلا سۇ يۇگۇرۇپ
تۇراتتى دېسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئىككە-
سىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەقەتلا بىر شاۋقۇنسىز
ئۆستەڭ ئىدى. ئەتراپىنى ئېگىز ـ ئېگىز تاغلار
ئوراپ تۇرىدىغان بۇ مېھمانخانىدا ئۇ «ئۆس-
تەڭ» توساتتىن تېشىپ كەتتى. بۇ ناتونۇش
مۇھىت ئۇنى شۇنداق شاش قىلىۋەتتىمۇ ياكى
ئۇ، ئۇ ماڭا تەلپۈنگەندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا
غۇلچىمنى ئاچسام قۇمغا سۇ سىڭگەندەك
ئىش بولىدۇ دەپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.
ليۇپادەك ئىدارىدە ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى-
نى ساقلاپ يۈرىدىغان بىر ئايالنىڭ توساتتىن
جاك جيەنخۇڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئەركى-
لەپ كېتىشلىرى ئۇنىڭ نەزىرىدە دەماللىق
ھاياجانلىنىشتىن بولغان بولۇپ، تېگى شاللاق-
لارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. جاك جيەنخۇڭ ليۇپا
ماڭا ئېسىلىۋالمايدۇ، بىر كېچە كۆڭلىمىزنى
ئېچىۋالساق، ئۇ يەنە ھېچنېمىنى كۆرمىگەن-
دەك، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، بۇنىڭ ئىس
بۇسىنى چىقارمايدۇ. خۇددى ئۇ بۇنىڭدىن
بۇرۇن دەرد ـ ئەلەملىرىنى ھېچ كىمگە تىنى-
مىغاندەك، بۇ ئىشنىمۇ ئىچىگە يۇتۇۋېتىدۇ،
دەپ ئويلىدى.

جاك جيەنخۇڭ ليۇپانى مۇشۇنداق دەپ
قالدىمۇ؟ توساتتىن ليۇپانىڭ «غۇژژىدە» ئاچ-
چىقى كەلدى. ناۋادا، ليۇپا ئاۋۋال جاك جيەن-
خۇڭنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ يۈرمىگەن بولسا،
ئۇ بۇنداق قىلىشقا پېتىنالامتى؟ ياق، پېتى-
نالمايتتى. جاك جيەنخۇڭ دېگەن ئەزەلدىن
پايپاقا دەسسەپ قالىدىغان ئىش قىلىپ باققان
ئادەم ئەمەس. ئۇ دېگەن ھېساب ـ كىتابقا
شۇنچىلىك چېچەن ئادەمكى، لېۋىنى چىشلەپ
قالىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلىپ سالمايدۇ.
ھازىرقى ئەرلەر نېمانداقتۇ؟ پاھىشە دېگەننى
پۇخادىن چىققىچە ئوينىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى
نائىلاجلىقتىن قىلغان جىسمانىي ھەرىكەتتى،
ئەمدى توۋا قىلدىم، ۋاي ئاللا، ۋاي توۋا، دەپ
تۇرۇۋالىدۇ. يەنە شۇنداق بىرسى كۆزىگە چە-
رايلىق كۆرۈنۈپلا قالدىمۇ، ئېپىنى كەلتۈرۈپ
يەنە چاندۇرماي قىلغۇلۇقىنى قىلىپ يۈرۈۋېرى-
دۇ. ليۇپا ئىدارىدە جاك جيەنخۇڭنىڭ خىز-
مەتتىكى ئەستايىدىللىقىغا قول قويماي تۇرال-
مايدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇش جەھەتتە كىشلەرگە
كۆيۈنۈشى، كۆڭۈل بۆلۈشلىرىگە قاراپ تەسىر-
لەنمەي قالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ليۇپاغا ئۇنىڭ
بۇنداق ئالىيجانابلىقى بىر خىل ياسالمىلىق ۋە
پۇرسەتپەرەسلىكتەك تۇيۇلۇپ قالدى. بۇنداق

ئەر كىشىنى ئەر كىشى دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنداق ياسالما مۇئامىلىگە ئۇچرىغان ئايالنى ئايال دېگىلى بولامدۇ؟

ليۇپا تۇرۇپلا ھېلىقى كۈنى كەچتىكى ئىشنى، ئۇنىڭغا زورلۇق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پۇلىڭىزنى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بېرىۋېتىمەن، دېگەن ئەر كىشىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ توساتتىنلا: جاڭ جيەنخۇڭمۇ ماڭا ھېچقانداق سەۋەبسىز زورلۇق ۋە ئەدەپسىزلىك قىلغان بولسا، ھازىرقىدەك بۇنچىلا ئاچچىق يۇتۇۋالمىغان بولار ئىدىم، دەپ ئويلاپ قالدى. بۇنداق بولسا، ھېچ بولمىغاندا، ليۇپانىڭ جاڭ جيەنخۇڭنى ئەقلىدىن ئاداشقۇزۇۋەتكىدەك ئايال ئىكەنلىكىنى دەلىللەيتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ئەر كىشى ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، بىر ئايال ئۈچۈن ئەقلىدىن ئازغۇدەك بولۇپ قالغان بولسا، بۇ شۇ ئايال ئۈچۈن ئوقۇلغان بىر مەدھىيە ئەمەسمۇ؟

بىر قېتىم بولسىمۇ!

بىر ئەرنىڭ بۇنداق ئەقلىدىن ئېزىپ ساراڭلىق قىلىشى بەلكىم ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن، بىر ئەر بىر ئايالغا زىيان يەتكۈزۈشتىن بۇرۇن، ئۆزىگە زىيان يەتكۈزگۈدەك جاسارەت بولۇشى كېرەك. خۇددى ھېلىقى ئەرگە ئوخشاش. جاڭ جيەنخۇڭنىڭ بۇنداق چاغدا ليۇپاغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن چېقىلغانلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ليۇپاغا چېقىلىپ قويسىمۇ، ئۆزىگە ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەت يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن. جاڭ جيەنخۇڭنىڭ ليۇپانى ياخشى كۆرۈشى ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرناقچىلىك بولسىمۇ شەخسىي مەنپەئەتىدىن كېچەلەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇ جاڭ جيەنخۇڭنى كۈچەپ ئىتتىرىۋەتتى ۋە پەس ئاۋازدا:

—نېمانداق قىلىسىز؟ — دېدى.

جاڭ جيەنخۇڭ چۆچۈگەندەك تۇرۇپلا قالدى:

— ليۇپا، — دېدى ئۇ سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن بىر نەرسە دېيىشىم كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىمۇ، — سىزنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى.

— رەھمەت، — دېدى ليۇپا. مانا مۇشۇ دەقىقىدە ليۇپاغا جاڭ جيەنخۇڭ سەل بىچارىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. لېكىن، «بىچارىكەن» دەپ ھېسداشلىق قىلسا بولمايدۇ ـ دە، بۇ يا بىر ھېسداشلىق قىلىدىغان ئىش بولمىسا، ليۇپا يەنە توساتتىنلا جاڭ جيەنخۇڭ «ياق» دېگىنىمگە قارىماي، مېنى يەنە قۇچاقلىسا، مەيلىگە قويۇپ بېرىمەن، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ مۇشۇنداق ئويلىدى ـ يۇ، لېكىن، ئۇنىڭ بۇنداق قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ قالدى.

دېگەندەك، جاڭ جيەنخۇڭ كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. بۇ كېچە ئۇ يەنە ليۇپانىڭ «بارمىقىدا» بولدى.

7

ليۇپا ئەسلىدە ھېلىقى كېچىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتمەكچى ئىدى. لېكىن، ئۇنداق قىلالمىدى.

ھېلىقى ئەر كەتكەندىن كېيىنلا يامغۇر قۇيۇۋەتتى. دەسلەپتە ئانچە قاتتىق ياغمىدى. خۇددى بىكارچى خوتۇن ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ كىرىسلىتىپ گازىر چاققاندەك، «تاراس، تاراس، تاراس» قىلىپ، خۇشياقمىغاندەك بىر ـ ئىككى تالدىن چۈشتى. توساتتىنلا «تاراس، تاراس، تاراس» قىلىپلا ئىتتىكلەپ كەتتى ـ دە، خۇددى يەنە بىر ئايال كېلىپ گازىرنى «كىرىسلىتىپ» چاققاندەك ئاۋازدىن كېيىن، خۇددى كۆكتە بىرىسى شارقىرىتىپ يۇيۇنۇۋاتقاندەك، يامغۇر قويۇۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن، بىرەيلەن گويا ئۆزىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئەمدى ئۇخلىماقچى بولغاندەك، يامغۇرنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا بېسىقىپ قالدى. ليۇپا يامغۇرنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىغا

بىردەم قۇلاق سېلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنى ياپتى. كوچىدىكى چىراغلار غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. يامغۇر ھۆل قىلىۋەتكەن دەرەخ ئارىسىدىن يولدىن ئۆتكەن — كەچكەنلەرنىڭ كۈنلۈكلىرىنىڭ سايىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خېلى نېرىدىكى قاۋاقخانا ۋە تاللا بازىرىنىڭ ۋېۋىسكىسى يامغۇردا «يالت، يالت» قىلىپ يالتراپ تۇراتتى.

لىۇپانىڭ دېرىزىسىنىڭ تۈۋىدە قاپقارا جازىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ھېلىقى ئەر ئالللىقاچان ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟

لىۇپا كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇندى. خۇپېڭ:

—ئاخشاملا يۇيۇنغانتىڭىزغۇ، يەنە نېمىشقا يۇيۇنىسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئاخشام بىر نەرسە ئىزدەيمەن، دەپ ئۇستىۋېشىمنى مەينەت قىلىۋالدىم، — دېدى ئۇ، — ئاخشاملا يۇيۇنۇۋېلىپ ياتاي دېگەن، سىزنىڭ ئويغۇنىڭىزنى بۇزۇۋېتەمەي دەپ، ئەمدى يۇيۇندۇم.

— نېمىڭىزنى ئىزدىدىڭىز؟ مۇھەببەت مەكتۇپىنىما؟

— مۇھەببىتىمنى، — دېدى لىۇپا كۈلۈپ.

— شۇ، نېمىگە خۇشالكىن، دەپتىمەن تېخى سىزنى.

— شۇنداقمۇ؟

لىۇپانىڭ كۆڭلى باشقىچىلا بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقىمۇ ئىدارىسىغا ئادەتتىكىدىن ئاستا مېڭىپ باردى. يامغۇر بىردەم ئاستا، بىردەم ئىتتىك بولۇپ بىر كېچە يېغىپ، ئەمدى توختىدى. شۇنداقتىمۇ ھاۋا يەنە تۇتۇق ئىدى. لېكىن، قىرىۋەتكەن ئەينەك ھەر قانچە تۇتۇق بولسىمۇ كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدىغاندەك يورۇق ئىدى. ھاۋا ئىنتايىن نەمخۇش بولۇپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىن «توك، توك» قىلىپ سۇ تامچىپ تۇراتتى. خالتا كوچىلاردىكى كىر يايىدىغان تانىلاردا تۇرۇپ قالغان سۇ تامچىلىرى مونچاقتەك يالتراپ تۇراتتى. ئۇياق — بۇياقتا ئۆتۈشۈپ تۇرغان كىشىلەر توپى، قۇلاقتا سىڭىشىپ كەتكەن شاۋقۇن — سۈرەندىن تارتىپ ھەممە نەرسە تونۇۋاتقاندەك ئوخشاش ئىدى. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرۇپلا لىۇپاغا تولىمۇ ناتونۇش تۇيۇلۇپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆزىنى بۇ دۇنيادا يەككە — يېگانە ھېس قىلىپ قالدى. «ناھايىتى شۇ بىر كېچە يامغۇر ياغدىغۇ، مەن يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا تۇرامدىمەن» دېدى لىۇپا ئۆز — ئۆزىگە. ۋەھالەنكى، لىۇپا شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئۇنىڭغا شۇنىسى ئايانكى، بۈگۈن تونۇۋاتقاندەك ئازراق ياكى خېلىلا ئوخشىمايتتى.

لىۇپا ئۇ ئىشنى ساقچىغا مەلۇم قىلىشنى ئويلاشمىدى. ساقچىغا مەلۇم قىلغان بىلەن، باشقىلارغا بوپ بېرىدۇ. سۆز — چۆچەك قىلىشىدۇ. لىۇپاغۇ خەقنىڭ سۆز — چۆچەكلىرىدىن قورقۇپ قالمايدۇ. لېكىن، ئاشۇنداق سۆز — چۆچەك تېرىپ يۈرۈشنى خالىمايدۇ. ئۆزى بۇ ئىشنى بېسىقتۇرۇۋېلاۋېتەلىسە، ھەرگىز ئۆزىنىڭ چاۋىسىنى ئۆزى چىتقا يېيىپ يۈرمەيدۇ. ساقچىغا مەلۇم قىلىپ، ئۇ ئەرنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋېلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇ ئەر لىۇپانىڭ پۇلىنى بۇلاپ كەتكەن، نومۇسىغا تەگكەن بولسىمۇ، ئۇنى يامان ئادەم دەپ قاراپمۇ كەتمىدى.

لىۇپانىڭ دېرىزىسىدىن چىقىپ كەتكەن ئادەم سىرتتا قانداق يۈرىدىغان ئادەمدۇ؟ ئۇنىڭ قەددى — قامىتى ئىلىپتەك تۈپتۈز، ئىنتايىن ساغلام ئىدى. ئاغزىدىن تاماكىنىڭ خۇش پۇراق ھىدى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ لىۇپانىڭ ئۆيىگە بۇلاڭچىلىققا كىرىشتىن بۇرۇن، تاماكىنى تازا چەككەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ تاماكا چېكىش ئالدىدا ھاراقمۇ ئىچمىگەن، بەلكى تېخى ئاغزىنىمۇ يۇيغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنىڭدىن بەزىبىر ئەرلەرنىڭكىدەك يىراقتىنلا دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان قاڭسىق تاماكا ھىدى

ئەمەس، تاماكىنىڭ ساپ خۇش پۇراق ھىدى كېلىپ تۇراتتى. بۇ پۇراق ئاجايىپ مەززىلىك بولۇپ، شياۋلو چېكىدىغان «سەنخۇا» دېگەن ماركىلىق تاماكىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايتتى. «سەنخۇا» دېگەن بۇ ماركا ئەينى ۋاقىتتا ليۇپانىڭ قۇلىقىغا بەك يېقىملىق ئاڭلىنىپ كەتكەچكە، ئەتەي قولىغا ئېلىپ پۇراق باققان ئىدى. شۇڭا، بۇنداق پۇراق دىمىغىغا ئۇرۇلغان ھامانلا بىلىۋالدى. ئۇ ئەر دېلو سادىر قىلىشتىن بۇرۇن، بۇ ئىشنى تەپسىلىي پىلانلىغان. لېكىن، بۇلاڭچىلىققا كىرىش ئالدىدا ۋە كىرگەندىن كېيىن، يۈرىكىنى زادى توختىتىۋالالمىغان. بۇلاردىن قارىغاندا، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇنداق ئىش بىلەنلا ھەپىلىشىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق تەۋەككۇلچىلىك قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ بېشىدىن قانداق ئىشلار ئۆتكەن بولغىيدى؟ ئۇنىڭ بېشىدىن جەزمەن نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن. لېكىن، زادى قانداق ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەنلىكىنى ليۇپا تەسەۋۋۇر قىلالمىدى. ئۇنىڭ يۈزى ياپىلاق. بەش ئەزاسى ئادەتتىكىچىلا بولغان بىلەن، چىرايى يېقىشلىق بولۇپ، كىنو ئارتىسى يۈيۈڭگە ئوخشاپ قالاتتى. دەماللىققا سۆرۈن تەلەت كۆرۈنگىنى بىلەن، سىنچىلاپ قارىسا، يەنە بىر يەرلىرىدىن مېھرى ئىسسىقلىقى چىقىپ تۇراتتى. خەقنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىشتەك بۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشنى ئۇ ئەر قىلغاندىن تارتىپلا ليۇپا ئانچە بەك قورقۇپمۇ كەتمىدى. ئۇ ئەر ليۇپانىڭ نومۇسىغا تەگكەندە، دەسلەپ ھەرىكەتلىرى سەل قوپال بولۇپ كەتكەنىدى. كېيىن، ئۆزىگە ھېچقانداق خەۋپ يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، سەل مۇلايىملىشىپ قالدى، لېكىن، ئۇنىڭ مۇلايىملىقى ئۆكۈزدەك كۈچىگە قىلچە تەسىر يەتكۈزمىدى. مۇلايىملىق بىلەن ئۆكۈزدەك كۈچ بىرلىشىپ، ليۇپاغا ئويلىمىغان يەردىن ئاجايىپ ھوزۇر بېغىشلىدى.

بۇ ئەر پۇلنى دەپ، خەقنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىردى. بۇنىڭ ئۆزى بۇلاڭچىلىق جىنايىتىگە ياتىدۇ. بۇ چاغدا جان قايغۇسىدا قالغان ليۇپا بولسا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى. لېكىن، ئۇلارنىڭ تەنلىرى بىر - بىرى بىلەن ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەن ئاشۇ دەقىقىدە، ليۇپا ئۆزلىرىنىڭ پەقەت ئەر بىلەن ئايال ئىكەنلىكىنىلا ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ. ئىش مانا مۇشۇنداق ئاددىي. مانا مۇشۇنداق غەرەزسىز. ليۇپا ئۇ ئەر بىلەن قىلچە تونۇشلۇقى بولمىسىمۇ، بۇنداق ئاددىي، غەرەزسىز ئىشنىڭ بىر خىل ھوزۇر - ھالاۋەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ.

ئۇلارنىڭ قىلچە تونۇشمايدىغانلىقى دەل بۇنداق ھوزۇر - ھالاۋەتنىڭ مەنپەئەتتى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ليۇپانىڭ يۈزى «لاپپىدە» ئوت ئېلىپ، قىزىرىپ كەتتى. خۇيىڭ: ئاجايىپ خۇشالغۇسىز، خۇشاللىقىڭىز چىرايىڭىزغىمۇ تېپىپ كېتىپتۇ، دېدى. شۇنداق، ئۇ خۇشال، «خۇشال ئەمەس» دەپ يالغان ئېيتىش نە ھاجەت. بۇ خۇشاللىق ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى ساقچىغا مەلۇم قىلماسلىقىدىكى يەنە بىر سەۋەب. ئۇ ئىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئۇ يالغۇز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلا بولمىدى. ئۇنىڭ بەدىنى زورلۇققا ئۇچراشتەك بۇ ئىشنى رەت قىلمىدى. ھەتتا ئۇنىڭغا خۇشياقتى. شۇنداق ئىكەن، يەنە «ۋاي داد» دەپ داد - پەرياد كۆتۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنىڭ بارى - يوقى تارتقان زىيىنى ئاشۇ 400 نەچچە يۈەنىنىڭلا ئىشىغۇ. بۇ پۇلنى ئېلىپ كەتكەن ۋە بىر كېچە ئۇنىڭ بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغان ئۇ ئەردە ھەر ھالدا ئاز - تولا ۋىجدان دېگەن نەرسە بار ئىكەن. ئۇ تېخى ليۇپاغا «پۇلىڭىزنى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بېرىۋېتىمەن» دەپ ۋەدە قىلدى. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، ئۇ يەنە نېمە دەپ ساقچىغا مەلۇم قىلغۇدەك؟ قايسى جەھەتتىن بولمىسۇن، ئۇنىڭ ساقچىغا مەلۇم

قىلغۇسى يوق. قايسى بىر گېزىتتىن ئوقۇغان جىنايەت خاتىرىسى توغرىسىدىكى بىر ماقالە ئۇنىڭ ئېسىغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان جىنايەتچى پاھىشىۋاز ئوغرى بولۇپ، مۇخبىر ئۇنىڭدىن «ئەجەب سېنىڭ بارغانسېرى يۈرىكىڭ قاپتەك بولۇپ كېتىپتا؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: مەن نومۇسقا تەگكەنلىكى ئاياللار يۈزلۈم چۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ نومۇس قىلىشىپ، «ۋاي مۇنداق بولدى» دەپ ساقچىغا مەلۇم قىلىپ، مۈرەپ قويمىسا، مەن نېمىدىن قورقاتتىم؟ دېگەن. بۇ خەۋەرگە مۇھەررىر يەنە ئۆزىنىدىن ئۆزۈن تەھرىر ئىلاسى قوشۇپ بېرىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاياللارغا كونا ئۆرپ ـ ئادەتكە ئېسىلۋېلىپ، يۈزىمىز چۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئولتۇرۇۋالماي، دەس تۇرۇپ، قانۇنىدىن ئىبارەت قورال بىلەن ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنى مۇراجىئەت قىلغان. تەھرىر ئىلاۋىسىغا يېزىلغان بۇ گەپلەر ئەلۋەتتە ئورۇنلۇق، خاتا يېرى يوق. بۇ تەرىپى ليۇپاغا بەش قولدەك ئايان. لېكىن، ئۇنىڭغا بۇ ئىشلار ئۆزىدىن تولىمۇ يىراقتەك تۇيۇلدى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ئۇ قېلىپقا چۈشۈرمەن دەپ يۈرمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ.

ليۇپا ئۇ كۈنى چۈشتە ئۆيىگە كەتمىدى. ئىدارىسىنىڭ يېنىدىكىلا ئاشخانىدا مانتا يەپ، شورپا ئىچتى. ئۇ ئادەتتە چۈشلۈكى مۇشۇنداقلا غىزالىناتتى. ئاندىن ئاشخانىنىڭ بىقىنىدىكى كىتابخانىدا ئانچە ـ مۇنچە كىتاب كۆرۈپ تۇرغىچە خىزمەت ۋاقتىمۇ توشۇپ قالاتتى. بۇ ئاشخانىدا توخۇ شورپىسى، قوۋۇرغا شورپىسى، كالا گۆشى شورپىسى بارئىدى. بۈگۈن ئۇ توخۇ شورپىسى ئىچتى. ئۇ ئاشخانىغا ئەمدى كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، تاپ بېسىپ شياۋلو كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ـــ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

ـــ سىز تېخى ئىشتىن چۈشمىگەندىلا دەرۋازا تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغانىدىم. سىز چىققاندىن كېيىن، كەينىڭىزدىن ئەگىشىپ مۇشۇ يەرگىچە كىردىم، ـــ دېدى شياۋلو، ـــ تاغدىكى پائالىيەتتىكىلار ئوڭۇشلۇق بولدىمۇ؟

ـــ يامان ئەمەس بولدى، ـــ دېدى ليۇپا ۋە مانتىنى ئۇنىڭ ئالدىغىراق سۈرۈپ قويدى. ئىككىسى لام ـ جىم دېمەي مانتا يېيىشتى. قارىماققا، ئۇلار ئادەتتىكى نورمال ئەر ـ خوتۇندەكلا تۇراتتى.

ئاشخانىدىكى كىچىك تېلېۋىزوردا «ياشلىقىڭىز قېلىپ، دانىخورىكىڭىز تۈگەيدۇ» دېگەن بىر گىرىم بويۇملىرى ئېلانى كۆرسىتىلىۋاتاتتى. ليۇپا شۇ زامان شياۋلوغا «لاپپىدە» قاراپ قويدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى دانىخورەك يوقىماقتا يوق، تېخىمۇ ئەدەپ قىزىرىپ شۇ پېتى تۇراتتى. لېكىن، چېچىغا ئاق كىرىپ كەتكەنىدى. «ياشلىقىڭىز قېلىپ، دانىخورىكىڭىز تۈگەيدۇ» دېگەن ئېلان كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنىلا ئىپادىلەيدىغان بىر خىل تەشۋىقات بولۇپ، ئەمما شياۋلونىڭ «دانىخورىكى قېلىپ، ياشلىقى كېتىپ قالغان» ئىدى. شياۋلو ئۇيدانىلا قېرىپ قالغانىدى. ليۇپا شياۋلونىڭ «تۇرمۇشنىڭ چىن مەنىسى كەڭ قورساق بولۇش» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ قالدى. ئەمدى ئۇ شياۋلونى كەچۈرۈۋەتسە بولاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ليۇپا ئۇنى كەچۈرۈۋەتتى. تۈنۈگۈن كېچىدىكى ئىشتىن كېيىن، ليۇپا شياۋلونى ئاز ـ تولا چۈشەنگەندەك قىلدى. شياۋلو شۇ چاغدا راستىنلا ئامالسىز قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭغا موككىدە ياققان تەرىپىمۇ بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ليۇپا شياۋلوغا خۇشياققان، پەيزىنى سۆرگەن تەرىپىنىلا كۆرۈپ، ئامالسىز قالغان، شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەنمىگەن، ئىشىنىشنىمۇ خالىمىغان. ئەمـ-

دىلىكتە ئۇ شۇنداق بولغانلىقىغا ئىشىنىپلا قالماي، ئۆزى تېخى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىمۇ باقتى. ئۇنداق ئىش ئۆز بېشىغا كەلگەن ئادەمگە شۇنىسى ئايانكى، چەك ــ چېگراسى ئېنىق ئاق بىلەن قارا ئوتتۇرىسىدا يەنە كۆل رەڭمۇ بار. بۇ ئىش خۇددى بىر ــ بىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزدەك، قۇدۇق سۈيى بىلەن دەريا سۈيى ئوتتۇرىسىدا يەنە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان سانسىزلىغان يەر ئاستى ئېقىنلار باردەك بىر ئىش.

— ئاپام كېسەلخانىدا يېتىپ قالدى، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىپتۇ، — دېدى شياۋلو. ئۇنىڭ ئاپىسى ليۇپاغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، گۇناھىنىڭ ھەممىسىنى شياۋلوغا قويۇپ، ليۇپاغا تولا تېلېفون بېرىپ، ھېلىدىن ــ ھېلىغا تاماقا چاقىرىپ، ئۇنى ئوغلۇم بىلەن يارىشىپ قالسۇن دەپ ئاز كۆچ چىقارمىغان ئىدى.

— ھازىر قانداقراق؟ — دېدى ليۇپا نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى پەملەپ.

— خەتەرلىك ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. دوختۇر يەنە بىر ھەپتە كۆزىتىپ باقايلى، دەيدۇ، — دېدى شياۋلو ليۇپاغا قاراپ، — ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، ئاپام سىزگە بەك ئامراق، مەن بىلەن بىللە بېرىپ ئاپامنى يوقلاپ قويارسىزمۇ؟

ليۇپا «ماقۇل» دېگەننى قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

**8**

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن كونا بىناغا خېلىلا ئىسكەت كىرىپ قالدى. قۇرۇلۇش ئەترىتى بىنانى ئاقارتىپلا قالماي، يەنە ھەممە دېرىزىگە گەج بىلەن ئەگمەچ گىرۋەك چىقىرىپ، ياۋروپا پاسونىدا ياساپ قويىدى.

ليۇپانىڭ دېرىزىسى بۇرۇنقىدەكلا خېلى كەچكىچە ئوچۇق تۇراتتى. ئۇ ھېلىقى ئىشنى دەپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايتتى. شياۋلو مۇشۇ كۈنلەردە كۈندە دېگۈدەك ئۇنىڭ ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىپ، ئۇنى ئىزدەيدىغان، ھېلىدىن ــ ھېلىغا ئۇنى ئۆيىگە تاماقا تەكلىپ قىلىدىغان بولۇۋالدى. ليۇپانىڭ خىزمەتداشلىرى ئۇلارنىڭ يارىشىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنىڭ شەپىسىنى بىلىپ قېلىپ، ليۇپانى سىزنى يۇمشاق بولمايدۇ، بىزنى مېھمان قىلىڭ، دەپ تورۇۋالدى. ليۇپانىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ شياۋلونى ئۆيىدە پەقەت قوندۇرمىدى، ئۆزىمۇ شياۋلونىڭ ئۆيىگە بارمىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن، ئۇلار تېخى ھازىر ياراشمىغاندىن كېيىن، ليۇپا ئۆزىنى يا ئۇياق ئەمەس، يا بۇياق ئەمەس، قىلىۋېلىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شياۋلو بىلەن ئىككىسىگە قايتىدىن تازا ئىسسىق ئۆتۈشۈپ يۈرگەن كۈنلەردە، ليۇپانىڭ نېمىشقىدۇر بۇ ئىشقا كۆڭلى دېگەندەك تارتماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ كەينىگە تارتىپ، يارىشىۋالىدىغانغا تازا ئېنىق جاۋاب بەرمەي يۈردى. ئۇلار يارىشىۋالسا، كۈنلىرىنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. شياۋلو بۇرۇنقىدىن غەرەز ئۇقىدىغان، قۇلىقى يۇمشاق، ئىشقا ۋاقتىدا بېرىپ، ئۆيىگە ۋاقتىدا كېلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بارمىسا بولمايدىغان يەر چىقىپ قالغاندا ليۇپادىن بىسوراق بارمايدۇ. ليۇپانىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە گۈل سوۋغا قىلىدۇ، شەنبە كۈنى ئۇلار شياۋلونىڭ ئاتا ــ ئانىسىنى يوقلايدۇ. يەكشەنبە كۈنى ليۇپانىڭ ئاتا ــ ئانىسىنىڭكىگە بارىدۇ. ئۇ ئۆيىگە قانچىلىك مېۋە ئېلىپ بارسا، بۇ ئۆيگىمۇ شۇنچىلىك مېۋە ــ چېۋە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئۆيگە قانداق يېمەكلىك ئاپارسا، ئۇ ئۆيگىمۇ شۇنى ئاپىرىدۇ. كېيىن، ئۇلار بالىلىق بولىدۇ... شۇ. كۈن دېگەن مۇشۇنداق ئۆتىدۇ. بۇ تۇرغانلا گەپ. ياراشسا قانداق بولىدىغانلىقى ئېنىقلا تۇرسا ئالدىراپ نېمە قىلىدۇ؟

— سىزنى يارىشىۋالىدىكەن، دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟ — دېدى بىر كۈنى جاك جېيەنخۇك. شۇ كۈنى ئۇنىڭ چىرايى بىر قىسىملا ئىدى.

— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟ — دېدى لېۇپا ئېنىق جاۋاب بەرمەي.

— ھەممىسى شۇنداق دەپ يۈرىدىغۇ، راستما؟

— راست بولسا نېمە بوپتۇ، يالغان بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى لېۇپا سوغۇقلا. شۇ تاپتا ئۇنىڭ جاك جېيەنخۇكنىڭ گېپىگە ئاچچىقى كېلىۋاتمايتتى. باشقىلارنىڭ ئۆزى بىلەنلا قالاغىنىنى جاك جېيەنخۇكنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ، شۇنىڭغا چېچىلىپ قالغانىدى. سوغۇق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۆزى رەت قىلغانلىق، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىغا قىزىقىۋاتقانلىقىنى رەت قىلغانلىق، ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنىمۇ رەت قىلغانلىق بولماي قالمايدۇ. بۇ تەرىپى جاك جېيەنخۇكقا ئايان، جاك جېيەنخۇك لېۇپا ئاشۇ كۈنى تاغدىكى ئىشنى دەپ ماڭا دومسىيىپ يۈرىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ھېلىقى كۈنى كەچتىكى ئىش بىلەن، لېۇپانىڭ ئالدىدا جاك جېيەنخۇكنىڭ تىلى قىسقا بولۇپ قالدى. شۇنداق ئىكەن، لېۇپا ئەمدى جاك جېيەنخۇكقا قانداق مۇئامىلە قىلسا بولىۋېرىدۇ. ئۇنىڭغا قانچىلىك قاتتىق تەگسىمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. جاك جېيەنخۇك ئۇ ئىشنى ئېپىنى كەلتۈرۈپ لېۇپاغا چۈشەندۈرۈپ قويىماقچى بولۇپ يۈرەتتى. لېكىن، ئەھۋالدىن قارىغاندا، يەنە كۈتمىسە بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

كېچە نەقەدەر جىمجىت — ھە، لېۇپا بۇرۇن بۇنى ھېس قىلمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ كېچىنىڭ جىمجىتلىقى ئۇنىڭ جىمجىت ئەمەسلىكىدە. كېچىدە «تىرىق» قىلغان ئاۋازمۇ كىشىگە گويا قۇياش نۇرىدەك ئېنىق تۇيۇلىدۇ. شۇنداقلا قۇياش نۇرىدەك ئېتەكتە يىپىۋالغىلى بولمايدۇ. لېۇپاغا چايدانىنىڭ ئاغزىدىن «غىژ — غىژ» قىلىپ چىقىۋاتقان ئاۋاز، تام ئىشكاپتىكى سۇلياۋ خالتىنىڭ قاتلاقلىرىنىڭ ئاستا — ئاستا ئۆزىنى قويۇپ بېرىۋاتقان ئاۋازى، ئۇستەلدىكى سائەتنىڭ «چىك — چىك» قىلىپ چىكىلدىغان ئاۋازى، دېرىزىنىڭ يوچۇقلىرىدىن شامالنىڭ «ۋىك» قىلىپ ۋىڭىلداپ كىرىۋاتقان ئاۋازى، بىناغا ئورنىتىپ قويۇلغان جازىغا ئاندا — ساندا «توك — توك» قىلىپ چۈشۈپ قېلىۋاتقان تاش — شېغىل ئاۋازى، كوچىدا كېتىۋاتقانلارنىڭ «تاق — تاق» قىلىپ ماڭغان ئاياغ ئاۋازى، تاكسى شوپۇرلىرىنىڭ قىزىل چىراغدا تۇرۇپ قالغان چاغدىكى كوتۇلداشلىرى... ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كېچە گويا ئۈنسىز بوۋايدەك مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى جىمجىت ئۆز قوينىغا ئېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ قانچىلىك نەرسىگە شاھىت بولالار؟ قايناق ھەم سۈرۈن بۇ دۇنيادا كۈندۈزى ھېلىدىن — ھېلىغا بارلىققا كېلىۋاتقان مۆجىزىلەرگە تەۋەدەك، كېچە بولسا ئاشكارىلانماس سىرلارغا تەۋەدەك قىلىدۇ.

لېۇپا خۇدانىڭ كۈنى ھەممە نېمىسىنى سىيرىپ سېلىۋېتىپ، ئاندىن تۇغما پېتى قىپيالىڭاچ ياتاتتى. لېكىن، ئۇ ھازىر مۇزىكا ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كېچىدە ئاندا ساندا ئاڭلىنىپ قالىدىغان «تاراق — تۇرۇق» ئاۋازنىڭ قايسىسىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلىۋاتقانلىقىنىغا گويا مۇشۇكتەك زەن قويۇپ ياتاتتى. ھېلىقى ئەر لېۇپاغا «پۇلىڭىزنى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بېرىۋېتىمەن» دېگەنىدى. لېۇپاغا ئايانكى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىش بولسىمۇ، لېۇپا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ يولىغا قاراۋاتىدۇ. نېمىشقا مۇمكىن ئەمەس. دېگەندە، ئۇ ئەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلغانلىقى ئۆزىگە ئايان. شۇنداقتىمۇ ئۇ لېۇپانىڭ ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلمايدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك ئىدى — دە! بەلكىم ئۇ قايتۇرۇپ بەرگۈدەك پۇل تاپالمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېۇپاغۇ ئۇ تۆت تال پۇلنى دەپ كەتمەيدۇ. بەلكىم ئۇ يەنە تەۋەككۈلچىلىك

32

قىلىشقا يېتىنالمايۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ تېنى بىلەن ليۇپانىڭ تېنىنىڭ بىر قېتىم تولىمۇ شېرىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى مۇشۇنداقلا ئۇنتۇپ كېتەرمۇ؟

ليۇپا يەنە جاڭ جيەنخوڭنى ئەسلەپ قالدى. جاڭ جيەنخوڭ ليۇپاغا ھېلىقى ناتونۇش ئەرگە قارىغاندا ھەر جەھەتتىن مۇۋاپىقراق ئىدى. لېكىن، ليۇپا ئۇنىڭغا مەيلىنى بەرمەدى، كۆڭلىدە كۆرۈشۈپ تۇرغان ئادەمگە مەيلىنى بەرمەي، ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بىر ناتونۇش ئەرگە ئېلىنىپ قالدى. زادى نېمىشقا ئۇنداق بولغانلىقىنى ليۇپانىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. بىرى تونۇش، بىرى ناتونۇش بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ — يا؟ تونۇش بولسا خاتىرجەم بولالمايدۇ، قورۇنۇپ قالىدۇ — دە، پورۇقلاپ قايناپ تۇرغان ھېسسىياتىنى دېگەندەك ئىپادىلىيەلمەيدۇ. ناتونۇش بولسا قورۇنمايدۇ، ئەركىن بولىدۇ، بىر — بىرىنىڭ ئاچقان يېرىگە تازا بارىدۇ. راست مۇشۇنداق بولارمۇ؟

ليۇپاغا ئايانكى، ئۇ ئەمدى بۇ يەرگە ئاياغ باسمايدۇ. لېكىن، ليۇپا مۇشۇ كۆڭلىدە ناۋادا ئۇ كېلىپ قالسا، قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرىدىغان بولۇپ قالدى. مۇمكىن بولمايدىغان بۇنداق خام خىيال گويا ئاڭلاپ باقمىغان كۈيدەك ئۇنىڭغا ئاجايىپ خۇشاللىق ئاتا قىلماقتا ئىدى. ليۇپا تۇرۇپ شۇنداق ئويلاپ قالدىكى، ناۋادا ئۇ كېلىپ قالسا، ئۇ ئۇچىغا چىققان ساددا جىنايەتچى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ بۇنداق ساددىلىقى ليۇپا ئۈچۈن قانداق ياخشى — ھە! ھېلىقى كېچىسى ئاجايىپ كېچە بولدى. ليۇپا كۈندۈزى يېگەنىنى كېچىچە كۆشەپ چىقىدىغان كالىدەك، ئۇ ئىشلارنى خىيال قىلغانسېرى ئاشۇ كېچە قوينىدا ئەللەيلەنمەكتە ئىدى. ئۇ كېچە قوينىدا ئەللەيلەنگەنسېرى ئۇ ئىشنى ئەقلىگە سىغدۇرالماي قېلىۋاتاتتى.

ليۇپا ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرغاندا، كېچىدىكى ھالىتىدىن ھەيرانۇ ھەس قالاتتى. كەچ كىرىپ، ئورنىدا ياتقاندا بولسا، يېڭى — يېڭى خىياللار چىرمىۋالاتتى. ھازىر ئۇ غەلىتىلا ئايال بولۇپ قالغانىدى. ھېلىقى كېچە ئۇنىڭ بىرەر يېرىنى بىر نېمە قىلىۋەتتىمۇ — قانداق، ئۇ بۇرۇنقىغا پەقەت ئوخشىماي قالدى.

شامال چىقماقتا، شامالنىڭ «ۋىڭ» قىلغان ئاۋازى گويا كىچىك بالىنىڭ بۇدرۇق قولىدەك دېرىزىگە جانسىز ئۇرۇلاتتى. سائەت 12 دىن ئاشتى. ليۇپا ئەمدى ئۇخلاي دەپ چىراغنى ئۆچۈرۈشكە تەمشىلىپ تۇراتتى، دېرىزە تەرەپتىن «تىرىق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز تولىمۇ ئاستا بولغان بىلەن، چاشقان بىر نەرسىنى كىتىرلىتىپ غاجىلاۋاتقاندەك ئېنىق ئاڭلاندى. ليۇپا جايىدا قاققان قوزۇقتەك تىككىدە تۇرۇپ قالدى. ئەر دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ، دېرىزىدىن «دىككىدە» سەكرەپ ئۆيگە كىردى. ئىككىيلەن بىر — بىرىگە قاراپلا قېلىشتى.

— پۇلىڭىز، — دېدى ئەر، — كونۇپرتنىڭ ئىچىدە.

ليۇپا قولىنى سوزدى. ئىككىسىنىڭ قولى بىر — بىرىگە تېگىپ كەتتى. تېگىپ كېتىشى بىلەنلا، ليۇپانىڭ تۇخۇمىنىڭ شاكىلىدەك ئارانلا تۇرغان بەدىنى «تىرىس» قىلىپ تېشىلىپ كەتتى، پۇل قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئەر ليۇپانى «كاپلا» قىلىپ قۇچاقلىۋالدى. ليۇپا «نېمە قىلساڭ قىل» دېگەندەك، مەيلىنى ئۇنىڭغا بېرىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئەر ليۇپانىڭ ئۈچىسىدىكى لۆڭگىنى ئېلىۋەتتى. ليۇپا تۈن قاراڭغۇسىدىمۇ ئۇ ئەرنىڭ كۆزىنىڭ ئوت بولۇپ يېنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردى. شامال دېرىزە پەردىسىنى بايراقتەك لەپىلدىتىپ تۇراتتى.

شامال كۈچىيىپ كەتتى. باشقا شاۋقۇن — سۈرەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ كەتتى. ليۇپا گويا شامال جىم تۇرغۇزمايۋاتقان دەرەخ شېخىدەك لىڭشىپ كەتتى. توساتتىن

«ۋىگىلداپ» چىقىۋاتقان شامالدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. چۈنكى، دەل مانا مۇشۇ «ۋىگىلداپ» چىقىۋاتقان شامال شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ تۇرماقتا ئىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن كەلمەڭ، بەك خەتەرلىك، — دېدى ليۇپيا شامال توختىغاندىن كېيىن.

— ھېچقىسى يوق، دائىم ئۆگزىدە مېڭىپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن.

— نېمە ئىش قىلىسىز؟

—قۇرۇلۇشتا ئىشلەيمەن، — دېدى ئەر سىرتنى كۆرسىتىپ، — ھازىر باشقا يەردە ئۆي ئاقارتىۋاتىمىز.

— سىز نەلىك؟ — دېدى ليۇپيا ئۇنىڭ تونۇش تۇيۇلغان تەلەپپۇزىغا دىققەت قىلىپ،

— ۋۇزى ناھىيىسىدىن، — دېدى ئەر.. ليۇپيا شۇ زامان جاڭ جيەنخۇئىنىڭ ۋۇزى ناھىيىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. شۇغىنىسى، ھازىر ئۇ ئانچە يەرلىك شېۋىدە سۆزلەپ كەتمەيتتى. بىر قېتىم جاڭ جيەنخۇئىنىڭ بىر يۇرتدىشى. بىر ئىش بىلەن ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدى. ئۇ چاغداجاڭ جيەنخۇئىڭ ئىشخانىسىدا يوق بولغاچقا، ليۇپيا ئۇ كىشى بىلەن بىر نەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپ قالغان. ئەجەبا، بۇ ئادەمنىڭمۇ جاڭ جيەنخۇئىڭ بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتى بارمىدۇ؟ ليۇپيا شۇ زامان بۇ خىيالنى يوققا چىقاردى. ۋۇزى ناھىيىسىدە نەچچە يۈز مىڭ ئادەم بار تۇرسا، بۇنداق ئۇدۇل كېلىپ قالماس.

— ھېلىقى كۈنى سىزنىڭ تۇنجى قېتىم شۇنداق قىلىشىڭىزغۇ ـ دەيمەن؟

— ھەئە.

— قانداقچە مېنى كۆزلەپ قالدىڭىز؟

— كۈندە ئۆيىڭىزگە ئۆزىڭىز يالغۇز كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىسىز، كىيىملىرىڭىزمۇ شۇنداق ئېسىل. شۇڭا، سىزنى چوقۇم پۇلى بار، دەپ پەرەز قىلدىم.

— يېنىمدىكى ئۆيدىكى قىزمۇ ماڭا ئوخشاشلىغۇ، نېمىشقا ئۇنىڭكىگە كىرمىدىڭىز؟

— سىزنىڭ مىجەزىڭىز ئۇنىڭكىدىن ياخشى، — دېدى ئەر، ـ بىر قېتىم ئىككىڭلار بىنانىڭ ئالدىدا كۆكتات ئالدىڭلار، ئۇ كۆكتاتچى بىلەن سوقۇشۇپ كەتتى، سىز «بولدىلا، بولدىلا» دەپلا تۇردىڭىز.

ليۇپيا كۈلۈۋەتتى، ئۇ ئەر خېلى كۆزدىتىپتۇ ـ جۇمۇ.

— مېنىڭ ئۇ تەرەپتىكى ئۆيدە تۇرىدىغانلىقىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

— بالكونغا يېيىپ قويغان كىيىمىڭىزدىن بىلدىم، — دېدى ئەر، — نېمىشقا ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرىسىز؟

— ئاجرىشىپ كەتكەن.

— سىزدەك ياخشى ئايالدىن ئاجرىشىپ كەتكەن قانداق ئەزدۇ؟

— ئۆزۈم ئاجرىشىپ كەتتىم، — دېدى ليۇپيا، — نەرىم ياخشى مېنىڭ، سىزنى پۈتىنى سۇندۇرۇۋالمىسۇن،دەپ قورققانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟

— بۇلا ئەمەس، — دېدى ئەر، — باشتا ئۆيىڭىزگە كىرگەندە، ئازراق پۇل ئالاي دەپ كىرگەن. كېيىن، نېمە ئىش بولۇپ كەتتى. ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم، سىز بىلەن بىللە بولغۇم كېلىپ قالدى. بىللە بولغان چاغدا مۇشۇ بىر قېتىم ئۈچۈن تۈرمىدە ياتساممۇ رازىمەن دەپ ئويلىدىم.

— قانداقچە پۇل بولايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدىڭىز؟

— ھەي، بولدىلا، — دېدى ئەر، — باشقا ئامال يوق.

— ئەمىسە نېمىشقا راستىنلا پۇلۇمنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىسىز؟

— قايتۇرۇپ بېرىمەن، دېگەن تۇرسام، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن ـ دە، — دېدى ئەر، — ھېلىقى كۈندىكى، ئۆزىڭىزنىڭ پۇلى، مەن تەگمىدىم، ئەسلىدە شۇ چاغدىلا پۇلىڭىزنى ئېلىش نىيىتىدىن يالتايغانىدىم.

— نېمىشقا؟

— سىز بەك ياخشى ئايال ئىكەنسىز.
— ئەمىسە نېمىشقا ئالدىڭىز؟
— ئالماي دېسەم، سىز بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈنلا كەلگەندەك، سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.
— ئوڭايسىزلىنىپ قالغان بولسىڭىز، ماڭا يېقىن يولىماڭ.
— يولايمەن تازا، — دېدى ئەر ۋە ئۇنى يەنە ئاستىغا بېسىۋالدى. لېۇپا ئەرنىڭ بېشىنى قۇچاقلىۋېلىپ، يۈزىگە ياقتى. ئۇنىڭ بېشىنى يۈزىگە مەھكەم يېقىپ تۇرغان مۇشۇ دەقىقىدە لېۇپا ئۇنى شۇنچىلىك يېقىن ھېس قىلىپ قالدى. ئىسمى – شەرىپىنىمۇ بىلمەيدىغان بۇ ئەر شۇ تاپتا لېۇپانىڭ بەدىنىنى ئىسسىتماقتا ئىدى. لېۇپا نام – شەرىپى نامەلۇم بۇ ئەرنىڭ قوينىدا ئىسسىماقتا ئىدى. ئۇ ئەر بىلەن لېۇپانىڭ شۇ تاپتىكى قايناق ھارارىتى شۇ قەدەر پاك، شۇ قەدەر سادىدا، شۇنداقلا بىمەنە ۋە غەلىتە ئىدى. ھەر قانداق ئادەم يەككە – يېگانىدۇر. تېنىمىزنىڭ ھۇزۇرىنى، كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلۇقىنى ئىزدىسەك، تەڭرى پېشانىمىزغا يازغان ھەمراھىمىزنى كۈتۈشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلىمىز دەيدىكەنمىز، تالاي – تالاي ۋاقىتنى زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. لېۇپا تۇساتتىن: دەقىقە بولسىمۇ بىر – بىرىگە ئىسسىقلىق ئاتا قىلالىغان بۇنداق ئاجايىپ ئۇچرىشىشنى كەچۈرۈۋېتىشكە، چۈشىنىشكە بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ قالدى. شىياۋلو بىلەن جاك جيەنخۇڭ ناتونۇش ھەم ئىنتايىن يېقىنشىلىق بۇ ئەرنىڭ ئالدىدا لېۇپاغا تۇرۇپلا تولىمۇ ئەرزىمەس بىلىنىپ قالدى.
— بۇنىڭدىن كېيىن كەلگۈچى بولماڭ! — دېدى لېۇپا يەنە، شۇ ئارىلىقتا لېۇپا ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن پات ئارىدا كېتىدىغانلىقىنى ئەسكە ئالدى.
— توي قىلامسىز؟
لېۇپا كۈلۈپ قويدى. ئەر كەينىگە بۇرۇلۇپ، دېرىزىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئاينىڭ غۇۋا يورۇقى لېۇپانىڭ دېرىزىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. لېۇپا ئۇ ئەرنىڭ ئاي يورۇقىدا مەدىرلاپ تۇرغان شولىسىغا ئۇزۇندىن – ئۇزۇن قاراپ تۇردى. كېچە قاراڭغۇسىدا، بۇنىڭدىن خېلى زامانلار بۇرۇن ئوقۇغان مۇنداق بىر شېئىر ئۇنىڭ ئېسىدىن كېچىپ قالدى.

تېنىم گويا ئەزىم دەريا،
سۆيگۈ كېچەر ھەردەم ئۇنى.
تېرەمدۇر مېنىڭ قىرغىقىم،
قايدا دولقۇنلىرىم شاۋقۇنى؟

## 9

لېۇپا ئەتىگەندە ئىشقا كەلگەندە، جاك جيەنخۇڭ ئادەتتە بويىچە ئالللىقاچان ئىشقا كېلىپ بولغانىدى. لېۇپا ئۇنىڭدىن تىنچلىق سورىدى. جاك جيەنخۇڭ قولىدىكى گېزىتنى قويۇپ قويۇپ:
— بۈگۈن كېچىكىپ قالدىڭىز، — دېدى.
لېۇپا سائىتىگە قارىدى، دەرۋەقە، ئۇ ئۈچ مەنۇت كېچىككەنىدى. لېۇپا قىزىقچىلىق قىلىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:
— مۇشۇ بىر قېتىم — دېدى.
— مۇشۇ بىر قېتىم، دەپ كېچىكىۋەرسىڭىز، قېنى، كېيىن نېمە دەرسىزكىن؟
— مۇشۇ ئىككىلا قېتىم، دېمەمدىمەن.
جاك جيەنخۇڭ كۈلۈپ كەتتى. جاك جيەنخۇڭنىڭ يوقلىمىدىن ئۆزىنى ئەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكى لېۇپاغا ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۇ رايىشلىق بىلەن جاك جيەنخۇڭنىڭ ئىستاكانىغا چاي دەملەپ قويدى.
— بىر قېتىمقىسىنى كەچۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ، — دېدى جاك جيەنخۇڭ لېۇپاغا «لاپپىدە» قاراپ قويۇپ.
ئۇ تاغدىكى ھېلىقى ئىشنى دېمەكچىمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدى لېۇپا ئىختىيارسىز كۈلگۈسى كېلىپ.
— نېمانداق خۇشال بولۇپ كەتتىڭىز؟

پۇل تېپىشالىدىڭىزمۇ ـ نېمە؟

— ئاران بىر كېچىككىنىمدە، ئەلۋەتتە خۇشال بولىمەن ـ دە، — دېدى لېيۇپا ۋە ئىختىيارسىز ھالدا سومكىسىدىكى ئەينەككە قارىۋالدى. ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك نۇرلىنىپ، ئېچىلىپ كەتكەنىدى. «نېمىگە خۇشال بولىمەن؟» ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنى داپشاق خوتۇندەك ھېس قىلىپ قالدى.

خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىن جاك جېيەنخۇڭغا بىر تۇغقىنىڭىز سىزنى ئىزدەپ كەپتۇ، سۆزلىشىپ بېقىڭ، دەپ تېلېفون كەلدى. جاك جېيەنخۇڭ تېلېفوندا سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، چوڭقۇر «ئۇھ» تارتىپ، خورسىنىپ قويدى. لېيۇپا:

— «ئۇھ» تارتىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دەپ سورىۋىدى. جاك جېيەنخۇڭ:

— نەۋرە ئىنىم ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ مۇشۇ يەردە مەدىكارچىلىق قىلاتتى. يېقىندا ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ بېشىدا ئۆسمە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدىكەن. بىراق، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى نامرات، پۇلى يوق. مېنى داۋالاش ھەققى ئەرزانراق دوختۇرخانا تونۇشتۇرۇپ بەرسەڭ، دېگەنتى. تونۇشتۇرۇپ بەرسەم، ئەمدى يەنە مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ ياخشى مېڭە ئوپېراتسىيىسى دوختۇرى تونۇشتۇرۇپ بەرسەڭ، شۇ ئوپېراتسىيە قىلسا، دەپ كەپتۇ — دېدى، — ئۇنداق نامى بارلىرى بىكىرىغا ماڭامدا؟ يانچۇقىغا ئاز دېگەندە ئىككى مىڭ كوي سالمىسا بولمايدۇ ـ دە.

لېيۇپا كۈلۈپ كەتتى. لېكىن، تۇساتتىنلا يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشخانىدىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا، بىرەيلەن كىرىپ كەلدى ۋە:

— ئاكا، — دېگىنىچە، تۇرغان جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئاندىن ئالاقزادىلىك بىلەن لېيۇپاغا«لاپپىدە» قاراپ قويدى.

— نەۋرە ئىنىم، — دېدى جاك جېيەنخۇڭ ئۇ كىشىنى لېيۇپاغا تونۇشتۇرۇپ، لېيۇپا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مۇشۇ ئارىلىقتا ئۇ كەسكىن بىر قارارغا كەلدى.

ئىشخانىدا جاك جېيەنخۇڭ ئىككىسىلا قالغان چاغدا، ئۇ ئۆزىنىڭ بايىقى قارارىنى ئۇنىڭغا دېدى:

— يارىشىۋالىدىغان بولدۇم.

— قاچان؟ مۇبارەك بولسۇن، — دېدى جاك جېيەنخۇڭ كۈلۈپ.

— كېلەر ھەپتە.

ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا جاك جېيەنخۇڭ لېيۇپانى چاقىرىۋالدى ـ دە:

— يارىشىۋالىدىغان ئىشىڭىزنى ئوبدانراق ئويلاشتىڭىزمۇ؟ — دېدى تولىمۇ سەممىيلىك بىلەن.

— قانداق دەيسىز؟ — دېدى لېيۇپا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— تاغدىكى ئىشتا مېنىڭدىن كەتتى، كەچۈرۈڭ، — دېدى جاك جېيەنخۇڭ ئىنتايىن ئوڭايسىزلىنىپ، — بىراق، مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى سىز ئوبدان بىلىسىز...

— بىلىمەن، — دېدى لېيۇپا، — ھېچقەسى يوق. مەن ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىم.

— يارىشىۋېلىشىڭىز ھەققىدە ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى. قۇلىقىڭىزغا ياقارمىكىن، — دېدى جاك جېيەنخۇڭ قەلەم بىلەن ئۈستەلنى توكۇلدىتىپ تۇرۇپ، — ئەلۋەتتە، بۇرۇن بىر ـ بىرىڭلارغا كۆڭلۈڭلار بار ئىدى. بىراق، مېنىڭچە بولغاندا، ئاجرىشىپ كەتكەن ئىكەنسىلەر، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشتى دېگەن گەپ. بولمىسا، ئاجرىشامتىڭلار. يارىشىۋېلىشقۇ ياخشى ئىش. شۇنداقتىمۇ، ئوبدانراق ئويلاشماي بولمايدۇ. ھازىر يۆلەنچۈكسىز قالدىم، دەپلا يەڭگىلتەكلىك قىلغان بىلەن بولماس. تاغدىكى ھېلىقى ئىشتىن باشقىلار مېنى بوزەك قىلىۋالىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالغان بولسىڭىز، مەن ناماقۇل، سىزنىڭ بۈگۈن بىر قېتىم كېچىكىپ قالغىنىڭىزغا ئوخشاش، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى

ئۇنداق قىلمايمەن.

لېيۇپا تۇرغان جايىدا تىككىدە تۇرۇپ قالدى ـ دە، لام ـ جىم دېمىدى. جاڭ جيەنخۇڭنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ قالدى. شۇ تاپتا جاڭ جيەنخۇڭ ئۇنىڭ كۆزىگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئىدارىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشتىن چۈشۈپ كەتتى. پۈتۈن بىنا تىمتاس بولۇپ قالدى. لېيۇپا جاڭ جيەنخۇڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ:

ـــ رەھمەت سىزگە، ـــ دېدى. جاڭ جيەنخۇڭ گويا بىرى سېھىرلىۋەتكەندەك داڭقېتىپ قالدى. لېيۇپانى بۇنداق قىلىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدى. جاڭ جيەنخۇڭ ئەمەس، بۇنداق بولارنى ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئويلىمىغانىدى.

**10**

شۇ كۈنى كەچتە «110»، «ۋىڭ، ۋىڭ» قىلىپ ۋىڭىلداپ كەلگەندە، لېيۇپا بىلەن ھېلىقى ئەر ھەدەپ ئىش باشلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئىشىكنى تېپىپ ئېچىۋەتتى. قولچىرىغىنىڭ كۈچلۈك نۇرى ئىككىسىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ساقچىلارنىڭ ھەيۋە بىلەن ۋارقىرىغان كۈچلۈك ئاۋازىدىن تاممۇ تىترەپ كەتتى. لېيۇپا شۇ زامان يوغان لۆڭگىنى ئۆزىگە ئورىۋالدى. ئەر بولسا «لاغ، لاغ» تىترەپ تۇراتتى.

بۈگۈن كەچتە لېيۇپا بىر ئەخمەقلىق قىلىپ قالدى. ئەر دېرىزىدىن سەكرەپ كىرىپ كەلگەندە، ئۇ نارازىغۇ بولدى. ئەرنىڭ كىملىكىنى بىلگەندىن كېيىن كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ جاڭ جيەنخۇڭنىڭ نەۋرە ئىنىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق بىر تونۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەم بولسىلا، ئۇ مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولماي قالمايتتى.

ـــ بۇ ئاخىرقى قېتىمقىسى، ئەمدى ئىككىنچى كەلمەيمەن، ـــ دېدى ئەر، ـــ بۇ جازىنى ئەتە ئېلىۋېتىدۇ.

شۇنداق، بۈگۈن كەچتە ئۇ ئەر ئىشنى ئەپلەشتۈرەلىسە، دېمىسىمۇ بۇ ئاخىرقى قېتىمقىسى بولۇپ قالىدۇ. بىنا رېمونت قىلىنىپ بولدى. بىنانىڭ تۆۋىگە ئورنىتىلغان جازىنى ئىشچىلار يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ ئېلىۋېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە لېيۇپامۇ بۇرۇنقى ئېرى بىلەن يارىشىۋالماقچى. بۇ ئىشنى ئۆي ئىگىسىگىمۇ ئېيتىپ قويىدى. ئۆيىنى كېلەر ھەپتە ئىگىسىگە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ، ئۇ ئەر بىلەن ئىككىسىگەئاخىرقى قېتىملىق پۇرسەت .

ـــ بولمايدۇ، ـــ دېدى لېيۇپا قەتئىي ھالدا ۋە ئىشىكنى ئېچىپ، ـ چىقىپ كېتىڭ، ـــ دېدى.

ـــ نېمىشقا ئەمدى؟ ـــ دېدى ئەر.

ـــ ھېچنېمىگە.

ـــ قورقمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ھېچكىمگە دېمەيمەن.

لېيۇپا گەپ قىلمىدى. ئۇ قورقامدۇ؟ ياق، قورقمايدۇ، شۇغىنىسى، كۈندۈزدىكى ئۇچرىشىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى. ھەر ئىككىلىسى زوۋان سۈرمەي تۇرۇپ قالغان ئاشۇ دەقىقىدە، ئەر غۇلچىنى يايدى. لېيۇپا ئەرنىڭ ئىسسىق قوينىدا «شۇر»رىدە ئېرىپ كەتتى. ئەرنى ئىشخانىسىدا ئۇچرىتىپ قالغاندا، ئۇ ئەمدى ئىككىنچى كەلمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئۇ كەلدى. بۇ بەلكىم دەل ئۇنىڭ ئۆزىنى جەلپ قىلىۋاتقان تەرىپى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئەر لېيۇپادەك قارشى تەرەپنىڭ كىملىكىگىمۇ ئېرەن قىلىپ كەتمەيدۇ. لېيۇپادەك كۈندۈزدىكى ئۇچرىشىشنى بېشىمغا بالا بولىدۇ، دەپ ئويلاپمۇ ئولتۇرمايدۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدە لېيۇپا يەنىلا ئۆزى كېچىدە ئۇچرىشىپ يۈرگەن ھېلىقى ئايال. ئۇ ئەر كۈندۈزدىكى ئۇچرىشىشنى ھېچنېمە قاتارى كۆرمىگەندەك قىلىدۇ. كەچمۇ كىرىدۇ، ئۇنى يەنە قوينۇمغا ئالالايمەن، دەپ ئويلاۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرەر ئەر

ئۇنىڭدەك ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ۋە تولىمۇ بىمەنە جاسارەت بىلەن ئۆزىگە قانات سۆرەرمۇ؟

بۇ تەرىپى لېۋپاغا قاراڭغۇ، لېۋپانىڭ كۆڭلىگە ئايان تەرىپى شۇكى، ئۆزى بۇنداق ياۋايىلىق ۋە بىمەنىلىكنى قىيالمايدۇ، شۇنداقلا مەيلى بار.

ئەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر قاراپلا بىلىۋالدى ــ دە، ئۇنى «دەس» كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئېلىپ كەلدى.

بۇ ئىشتا لېۋپانىڭ مېڭىسىنى قاغا چوقۇپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بىر توپ ئادەمنىڭ ۋاراڭ ــ چۇرۇڭى ئىچىدە، ئەر كىيىمىنى ئاران كىيىۋالدى، ئىككى ساقچى ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، تامنىڭ بۇلۇڭىغا ئىتتاپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇمۇ، لېۋپامۇ «لام ــ جىم» دېمەي قاراپ تۇراتتى. ئۆيدە خۇيىڭنىڭلا ۋاتىلداپ گەپ قىلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «بۈگۈن ئازراق ئىش بىلەن كەچ قالدىم، تاكسىدىن چۈشۈپلا يۇقىرىغا قارىدىم. بۇ بىنا رېمونت قىلىنىۋاتقاندىن تارتىپلا دېرىزىگە قاراپ قويىدىغان ئادەت چىقىرىۋالغانىدىم. ئاھالىلەر كومىتېتىدىكىلەر هوشيارراق بولۇڭلار دېگەچكە، مەن بەك دىققەت قىلىپ يۈرۈۋاتاتتىم. دېرىزىگە شۇنداقلا قارىسام، قاپقارا بىرسى تۇرغاندەك، بىر قىسىملا كۆرۈندى. يەنە مىدىرلاۋاتقاندەكمۇ قىلدى. جازىنى ئېلىۋەتمەستە بىرسى دېرىزىگە يامىشىپ، ئوغرىلىققا كىرىۋاتامدۇ ــ نېمە؟ دەپ ئويلىدىم. قانچىنچى قەۋەتتىكىن، دەپ شۇنداق سانىسام، دەل لېۋپانىڭ ئۆيى ئىكەن. ئۇ ئۆزى تىكەندەك يالغۇز تۇرسا، قانداق قىلىدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن، دەررۇ ساقچىغا مەلۇم قىلدىم، سىلەرمۇ بەك ئاستا كەلدىڭلار ــ جۇمۇ.

— بىر ئىش بولسا خەق بىزنى تېز كەلمىدىڭلار، دەيدۇ. چاتاق تېرىغاندا نىمانداق ئۇچقاندەك چىقىشىپ كېلىدىغاندۇ؟ دەيدۇ، — دېدى بىر ساقچى كۈلۈپ. بىر ساقچى لېۋپانىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۇ سائەت قانچىدە دېرىزىگە يامىشىپ چىقتى؟ — دېدى. لېۋپا گەپ قىلمىدى. ساقچى لېۋپاغا يەنە، — ئەتە ساقچى ئىدارىسىغا بارسىڭىز، خاتىرە قالدۇرۇۋالايلى، قانداق؟ — دېدى. لېۋپا يەنە زۇۋان سۈرمىدى.

— لېۋپا، ھېچ نېمە بولمىغانسىز؟ — دېدى خۇيىڭ لېۋپانىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىنى تۇتۇپ بېقىپ ۋە كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك، ــ ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق، — دېدى. لېۋپاغا شۇنىسى ئايانكى، شۇ تاپتا ئۆزى ئادەتتە باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئاياللاردەك، ۋارقىراپ، جارقىراپ، ئاللا ــ تۋۋا كۆتۈرۈپ يىغلاپ ــ قاقشاپ كەتسە، باشقىلار ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ كەتسە بولاتتى. لېكىن، ئۇ يا يىغلىمىدى، يا «ۋايجان ــ ۋايەي» دەپ ئاللا ــ تۋۋا كۆتۈرمىدى. بۇنداق قىلمىغاندىن كېيىن، بىرەر نەرسە دېيىشمۇ بولاتتى. بىراق، دەماللىققا نېمە دېيىشنىمۇ بىلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ۋاراڭ ــ چۇرۇڭ قىلىشىپ يوپۇرۇلۇپ كىرىشىپ كەلگەن كىشىلەر ئالدىدا گويا يىغىچىسى يوق هازىدەك، قاملاشمىغان بىر ئىش بولدى.

— بىز ماڭايلى! — دېدى بىر ساقچى. ئاندىن ھېلىقى ئەرنى يۇلقۇشلىغىلى تۇردى. باياتىدىن بېرى «لام ــ جىم» دەپ ئېغىز ئاچماي تۇرغان ئەر گويا ئەمدى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئېسىغا كېلىپ، قولىنى سىلكىپ تارتىۋېلىپ:

— ئۇنىڭ ئۆزى ماقۇل بولغان، — دېدى. بىر ساقچى ئېتىلىپ كېلىپ، مەيدىسىگە بىر مۇشت سالدى.

— ئۆزى ماقۇل بولغان، — دېدى ئۇ سۆزىنى قايتىلاپ. يەنە بىر ساقچى ئۇنىڭ تېزىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى، ئۇ «پوككىدە» چۈشكىنىچە تاس قالدى. ئىككى ساقچى ئۇنى خۇددى قورچاقنى كۆتەرگەندەك گەجگىسىدىن تارتىپ كۆتۈرۈۋېلىپ، پۇلاڭلىتىشتىپ قويدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا تامغا چۈشۈپ تۇرغان

سايىسى خۇددى قورچاق ئويۇنىغىلا ئوخشاپ قالدى.

— ئۆزى ماقۇل بولغان... — دېدى ئەر يەنە، لېكىن، ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ كەتتى، — ئۇ كېچىدە دېرىزىسىنى ئېچىپ قويۇپ، مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ، نەچچە قېتىم بولدى... ئاپام دوختۇرخانىدا ئاغرىق...

ئۇنىڭ كاچىتىغا «چاڭگىدە» بىر تەستەك تەگدى.

— ۋۇ ئاناڭنى، — دېدى بىرەيلەن، — ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈۋاتىسەن — ھە! دېرىزىسىنى ئېچىپ قويسا نېمە بوپتۇ، گۇناھما؟ كۇنىنىڭ ئىسسىقىدا دېرىزىنى ئاچماي قانداق ياتىدۇ؟ ئاپاڭنىڭ دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكى ئەمدى ئېسىڭغا كېلىۋاتامدا؟ ئاپاڭدىن تۆرەلگىنىڭ ئەمدى ئېسىڭغا كەپتۇ — دە؟

ئەر گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى. ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— ئۇنى قويۇۋېتىڭلار! — دېدى ليۇپا. ھەممەيلەن ليۇپاغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

— مەن ئۆزۈم خالاپ قىلغان، — دېدى ليۇپا.

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى خۇپىڭ، — قارىماسىز، مانا ساقچىلار تۇرۇپتۇ، ئۇ سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتەلەمتى؟

— راست دەۋاتىمەن، — دېدى ليۇپا. لېۋىنى چىشلەپ قالغان خۇپىڭ:

— نېمىشقا بۇرۇنراق دېمەيسىز؟ — دېدى.

— دېگۇم كەلمىدى.

— بۇ ئۆزىڭىز خالىغان ئىش بولسا، ئۇ نىمىشقا ئىشىكتىن كىرمەي، دېرىزىدىن كىرىدۇ؟ — دېدى بىر ساقچى مەسخىرە قىلغان تەلەپپۇزدا.

ئۇ مېنى ساراڭكەن، دەپ قالدىغۇ — دەيمەن، دەپ ئويلىدى ليۇپا ۋە:

— بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، — دېدى.

— بىزنى چاقىرىپ كەلگەن ئىكەنسىلەر، بۇ ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى بولمايدۇ، — دېدى ساقچى. ئۇنىڭ سۆزى خۇددى توڭلاتقۇدا ئۇزاق تۇرغان نەرسىدەك تولىمۇ سوغۇق ئېيتىلدى، — ئۇ كىم؟

— خىزمەتدىشىمنىڭ نەۋرە ئىنىسى. بىزنىڭ ئىشخانىدا تونۇشۇپ قالغانىدۇق، — دېدى ليۇپا ۋە جاڭ جيەنخۇڭنىڭ يانفونىنىڭ نومۇرىنى ئېيتىپ بەردى. ساقچىلار شۇ زامان جاڭ جيەنخۇڭغا تېلېفون بەردى ۋە ئۇ ئەرنى جاڭ جيەنخۇڭ بىلەن سۆزلەشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى دەلىللەتكۈزدى، ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىكى كويزىنى ئېلىۋەتتى.

— كەچۈرۈڭلار، ھە قېنى، داۋاملاشتۇرۇۋېرگەيسىلەر، — دېدى بىر ساقچى. ھەممەيلەن قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئۆينىڭ ئىچى جىمىپ قالدى. ئەر تام تۈۋىدە تۇراتتى. ليۇپا تورۇسقا قاراپ تۇراتتى. خۇپىڭ ئاغزىنى ئاچماي، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

— رەھمەت، — دېدى ئەر.

ليۇپا گەپمۇ قىلماي، ئىشىك تەرەپنى كۆرسەتتى. ئەر چىقىپ كەتتى. ليۇپا تازىلىق ئۆيىگە ئېتىلىپ كىرىپ كېتىپ، ھەدەپ قۇسقىلى تۇردى. خۇپىڭ كىرىپ، گەپمۇ قىلماي كەلگەن پېتى ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇردى. ئاندىن ئىككىسى ئىشىك تۈۋىدە گەپ قىلماي، بىر — بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى. خۇپىڭنىڭ ئىشكى قىيا ئوچۇق ئىدى، تۇساتتىنلا ليۇپانىڭ كۆزى ئۇزۇنچاق كورۇپكىغا چۈشۈپ قالدى. كورۇپكىنىڭ ئۈستىدە بەقۇۋۋەت بىر يالىڭاچ ئەرنىڭ دۈمبىسىنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. بۇ دەل ئۇ ئىككىسى «خۇەن خۇەن» دېگەن دۇكاندا كۆرگەن، ليۇپا كۆزىنى ئۈزەلمەي قالغان «شادلىق» ئەمەسمۇ؟

ليۇپانىڭ «شادلىق» نى كۆرۈپ قالغانلىقىنى خۇپىڭ سېزىپ قالدى. خۇپىڭ ئۆرۈلۈپلا تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ، ھاجەتخانىنىڭ سۈيىنى «شار، شار» قىلىپ شارقىرىتىپ كەينى — كەينىدىن چۈشۈرگىلى تۇردى. سۇ خۇددى

قېنى يوق ئېقىندەك ھەر تەرەپكە ئۇرۇلاتتى.

## 11

بۇ ئىش بىردەمدىلا پۈتۈن جاھانغا پۇر كەتتى. ليۇپا كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا خېلى ۋاقىتلارغىچە سۆز - چۆچەك بولۇپ يۈردى. شىياۋلو كېلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىۋىدى. ليۇپا:

— ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا دەپتىكەن، يارىشىۋالدىغان ئىشىمىزنى ئەمدى تىلغا ئالماڭ، يېپىقلىق قازان يېپىقلىق پېتى قالسۇن، — دېدى. شىياۋلو تولىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن:

— مۇشۇ قېتىمقى تاسادىپىي ۋەقە سەۋەبلىك كۆڭلىڭىز قاتتىق ئازار يېگەن بولسا، يارىشىۋېلىش نىيىتىمدىن ھەرگىز يانمايمەن. سىزدىن قانداقمۇ ئايرىلالايمەن، سىزنىڭ قانداقلىقىڭىزنى بىلمەمتىم، — دېدى. شۇنداق، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەر دېگەن ليۇپا ئۇنىڭغا ئەڭ ئېھتىياجلىق كۈنلەر، ئۇ ھەرگىز ليۇپانى تاشلىۋەتمەيدۇ. شىياۋلو ھەتتا، — سىزنىڭلا ئاچچىقىڭىز كەلمىسە، تەقدىرنىڭ گۇناھىمىدىن ئۆتىدىغان بىر پۇرسەت بەرگىنىڭگە رەھمەت ئېيتقۇم بار، — دېدى ۋە ليۇپاغا كايىپ، — باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىدىم دەپ ئېتىراپ قىلسىڭىز نېمە بولاتتى؟ باشلىقنىڭ نەۋرە ئىنىسى دەپلا بولدى قىلىۋېتەتتىڭىزمۇ؟ ئۆزۈم خالاپ، ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان بىر ناتونۇش ئەرنىڭ قوينىدا ياتتىم، دېسەم باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىدىم دېگەندىن ياخشى بولىدۇ دەپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

شىياۋلو بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، ليۇپا «مۆ» دەپ زۇۋان سۈرمىدى. ئۇنىڭ بۇنداق سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىشى شىياۋلونىڭ ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. شىياۋلو ئەمدى ليۇپانىڭ كۈنلىرىنىڭ تىنچ ئۆتمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ سۆز - چۆچەككە قېلىشى مۇمكىنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن، راستىنلا شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ «ئۆلۈكنىڭ كېپى ئۈچ كۈن، تىرىكنىڭ كېپى ئۈچ كۈن» دېگەندەك، باشقىلار سۆز - چۆچەك قىلىشىدىغانغا يەنە يېڭى گەپ تېپىلماي قالامتى؟

بۇ ئىشقا ئانچە - مۇنچە بولسىمۇ چېتىلىپ قالغان جاڭ جيەنخۇڭ كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچىكىگە باشتىن - ئاياغ سۈكۈت قىلىپ تۇردى. ليۇپا بىلەنمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئۆتتۈۋەردى. لېكىن، مەلۇم بىر كۈنى ئىككىسى بىللە ئويۇننى كۆزدىن كەچۈرگىلى بارغاندا، بىرمۇ ئادەم يوق قۇپقۇرۇق تىياتىرخانىدا ئۇ ليۇپاغا:

— بىلىمەن، سىز مېنى دەپ شۇنداق دەپ تۇرۇۋالدىڭىز، — دېدى.

— ئۇ ئىش سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، — دېدى ليۇپا.

— مېنى دېمىسىڭىز، ئۇنى قوتۇلدۇرۇۋالاتتىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ قانداقلىقىڭىزنى مەن بىلمەمتىم، — دېدى جاڭ جيەنخۇڭ، — سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن.

— ئۇ ئىش راستىنلا سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، — دېدى ليۇپا.

— ئېتىراپ قىلماي تۇرۇۋالساملا بولىدۇ، دەپ قارامسىز؟ — دېدى جاڭ جيەنخۇڭ، — ھەر قانچە دۆت بولساممۇ سىزنىڭ ئۇنداق دېھقان ئىشلەمچىنى ياراتمايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەمتىم؟

جاڭ جيەنخۇڭنىڭ بۇ گەپلىرىنى چىن يۈرىكىدىن دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ليۇپا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ليۇپا كۈلۈپ كېتىۋاتقان ئاشۇ دەقىقىدە، جاڭ جيەنخۇڭنىڭ كۆزى ليۇپانىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ تىرناقلىرىغا كۆپكۆك كۈل سۈيىدەك لاك قويۇۋالغانىدى.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 9 - ساندىن)

تەھرىرلىگۈچى: **قەيسەر قەييۇم**

# تىلەمچىگە ياتلىق قىلىنغان ساھىبجامال

لۇشىنجيەن

ئابلىز مۇھەممەت تەرجىمىسى





بىران 50 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ يىگىتلىك ھەۋىسىدىن قالمىغان بولۇپ، ئايال كاتىپلىرىنى ئايدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ كاتىپلار پۇلنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئاسانلا ئۇنىڭ ئاشنىسىغا ئايلىنىپ قالاتتى.

بۇ قېتىم قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ ئىچىدىكى جېككا ئىسىملىك قىز ئۇنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە قوزغىدى. جېككا 20 ياشلاردا، جۇغى كىچىك، خۇمار كۆزلىرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان «ياقا يۇرتلۇق گۈزەل» بولۇپ، ئامېرىكىلىق ئەسكەر بىلەن فىلىپپىنلىق ئايالدىن تۇغۇلغان شالغۇت قىز ئىدى. شۇڭا بىران جېككانى ئىشلىتىشنى ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، بىران جېككانىڭ چەتئەللىك ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى ھەمدە روبىن ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشى بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دۆلىتىگە قايتمىغانلىقىنى، روبىننىڭ بىر كەمبەغەل يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بىر ئاي ئىچىدە بىران جىق ئامال ـ چارىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، جېككا ئۇنىڭغا قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تەگكۈزمىدى.

جېككا ناھايىتى زېرەك قىز بولغاچقا ھەمىشە بىران بىلەن ئارىلىق ساقلاپ كەلدى. بىرانمۇ ئۆزىنىڭ تادانىغا يولۇققانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى ئاخىر بىر كۈنى بويسۇندۇرۇشقا بەل باغلىدى.

بىر كۈنى جېككا بىراننىڭ ئىشخانىسىغا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى ـ دە، ئالاقزادە بولغان ھالدا سورىدى:

— ماڭا 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قەرز بېرىپ تۇرالامسىز؟

— 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؟ ئۇ نېمىگە شۇنچە جىددىي كېرەك بولۇپ قالدى؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى بىران.

— روبىن ئېغىر يارىلاندى. ئوپېراتسىيە ھەققى ئۈچۈن 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كېرەك بولۇۋاتىدۇ...

ئەسلىدە روئېن پراكتىكا مەزگىلىدە ئىستانوكتا ئوغرىلىقچە مەشغۇلات قىلغان، بىر قاتتىق مېتال تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنىڭ قورسىقىنى زەخىملەندۈرگەنىدى. بۇ قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات بولغانلىقتىن بار-لىق مەسئۇلىيەت ئۇنىڭغا ئارتىلغان. دوختۇر-خانا دائىرىلىرىمۇ 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تولۇق تاپشۇرۇلسا، ئاندىن قۇتقۇزۇش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقانىدى.

—قەرز بېرىپ تۇراي، لېكىن بىر شەر-تىم بار، ماڭا ئاشنا بولۇشىڭىز كېرەك... — دېدى بىران گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ.

— ئەپەندىم، سىز قەلبىمدە ماڭا ئاتا بوللۇق، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەمسىز، روئېن گەرچە نامرات بولسىمۇ، بىراق مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا بۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق شەرتلىرىڭىزگە مەن رازىمەن.— دېدى جېككا قىسقىغىنە سۈكۈتتىن كېيىن يالۋۇرۇپ.

بىران ئىچىدە ئۇنى قارغاپ تۇرۇپ قايتا سورىدى:

— سىزنى ئۆلۈمگە بۇيرۇساممۇ رازى بولامسىز؟

جېككا قىلچە ئىككىلەنمەستىن ماقۇل-لۇق بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ھەر قانداق قىلىپمۇ جېككانى ئاشنا قىلغىلى بولمايدىغانلىقى بىرانغا ئايان بولغا-نىدى. شۇڭا ئۇ ئىززىتىنى بىلمىگەن بۇ قىزنى تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرماقچى بولدى.

— ماقۇل ئەمسە،— دېدى بىران چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا، — قەرز بېرىپ تۇ-راي، لېكىن بىر «شەرت»ىمگە قەرزدار ئىكەن-لىكىڭىزنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ.

ئەپسۇسكى، 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى پاك ـ پاكىز خەجلەنگەن بولسىمۇ، روئېن يەنىلا ئۆلۈپ كەتتى.

بىر قانچە كۈندىن بۇيان بىران قانداق قىلىپ جېككانى ئۇياتقا قالدۇرۇش ئۈستىدە باش قاتۇرماقتا ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، شۇ ئەتراپتا ئەگىپ يۈرگەن ياش بىر تىلەمچىنى كۆرۈپ قالدى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ كاللىسىدا جېككانى جازا-لاشنىڭ «ياخشى ئامالى» تېپىلغاندەك بولدى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ توي قىلغانمۇ؟ توي قىلغۇڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى بىران تىلەم-چىدىن مەغرۇرانە قىياپەتتە.

— ئىسمىم پېت، ئەلۋەتتە توي قىلغۇم بار، ھەتتا چۈشۈمدىمۇ توي قىلىپ چۈشەي-مەن. بىراق، كىممۇ ماڭا ياتلىق بولۇشنى خالىسۇن؟ — دېدى تىلەمچى كۈلۈپ.

—پېت، — دېدى بىران جىددىي ھالدا، — بىر چىرايلىق قىز ساڭا ياتلىق بولۇشنى خا-لايدۇ، ئۇنى ئەمرىڭگە ئېلىشنى خالامسەن؟

— ئەلۋەتتە خالايمەن، بىراق...

بىران ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ۋە قۇ-لىقىغا نىمىلەرنىدۇ پىچىرلىدى.

10 كۈندىن كېيىن ھەممە تەييارلىق پۈتتى. بىران جېككانى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ مەقسەتنى ئېيتتى:

— جېككا، ۋەدىڭىز بويىچە سىزنىڭ ھېلىقى قەرز قالغان «شەرت» ىڭىزنى ئادا قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى.

— ئەپەندىم، ۋەدەمنى ئۇنۇتمىدىم، قېنى شەرتىڭىزنى ئېيتىڭ، — دېدى جېككا سوغۇق قانلىق بىلەن.

— سىزنى مۇشۇ ئەرگە ياتلىق قىلماق-چىمەن، — دېدى بىران تىلەمچىنىڭ پۇزۇر كىيىنىپ چۈشكەن سۈرىتىنى جېككانىڭ ئالدىغا قويۇپ.

—قاچان؟ — دەپ سورىدى جېككا پېتنىڭ سۈرىتىگە كۆز قىرىنى سېلىپ.

— بۈگۈن... پېتنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ باققۇڭىز يوقمۇ؟ — دېدى بىران.

جېككا بېشىنى چايقىدى:

— مېنىڭ قەلبىم ئۆلگەن، سىزدىن باشقا كىمگىلا تەگسەم مەن ئۈچۈن بەرىبىر.

— خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ مەندەك بىر چوڭ ياشلىق ئادەمنى ياراتمايدىغانلىقى-ڭىزنى ئوبدان بىلگەنلىكىم ئۈچۈن سىزگە كېلىشكەن بىر يىگىتنى تاپتىم. سىلەرنىڭ توي مۇراسىمىڭلار بۈگۈن سائەت 2 دە خىل-تون مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ، — دېدى

بىران.

توي مۇراسىمى دەل ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىگىت بىلەن قىز توي ئۈزۈكىنى ئالماشتۇرۇۋاتقان چاغدا بىران سىنئالغۇ لىنتىسىنى قويدى. مېھمانلار ئېكراندىن ھەشەمەتلىك بىنانىڭ ئالدىدا بىر قەلەندەرنىڭ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆردى. ئېكراندىكى ئالاھىدە كۆرۈنۈشتىن تىلەمچى بىلەن كويئوغۇلنىڭ چىرايىنىڭ قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىغان مېھمانلار پىچىرلىشىپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى.

بىرانغا كېرىكى دەل مۇشۇ نەتىجە ئىدى. ئۇ گېلىنى قىرىپ، مىكرافوننىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، يۇقىرى ئاۋازدا دېدى:

— جاناپلار، جېككا خېنىمنىڭ دىمىغى بەك ئۈستۈن بولغاچقا ياشانغانلارنى كۆزگە ئىلمايتتى. ھە دېسىلا كېلىشكەن بىرەر يىگىتكە تېگىشنى ئارزۇ قىلاتتى. مانا ئۇ ئاخىرى مۇرادىغا يەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ «مەپتۇن» بولغان يىگىتنىڭ ئۆتۈپ ـ تېشىپ بىر تىلەمچى بولۇپ قېلىشى بەلكىم ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن بولغىيتتى، ھا، ھا، ھا... — بىران قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلمىدى، ئەكسىچە، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراشتى.

بۇ چاغدا پېت مىكرافون ئالدىغا كەلدى ۋە جېككاغا مېھرى بىلەن تىكىلىپ دېدى:

— مۆھتەرەم جانابلار، سىلەرگە شۇنى جاكارلايمەنكى، مەن كەسپىي تىلەمچى ئەمەسمەن، ھەقىقىي ئىسمىم لاۋرېنس بولۇپ، يازغۇچىمەن...

— لاۋرېنس؟ سىز ھېلىقى داڭلىق يازغۇچى لاۋرېنس بولامسىز؟ — دەپ سوراشتى بەزىلەر ھەيران بولۇشۇپ.

لاۋرېنس بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى ۋە تەنتەنە بىلەن دېدى:

— تۆۋەن تەبىقىدىكى ئاددىي ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىش مېنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشتا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان چىقىش نۇقتام. ماددىي بايلىق يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان دۆلىتىمىزدە كىشىلەر ئەخلاقىي جەھەتتىمۇ تەڭ قەدەمدە ئىلگىرىلەۋاتامدۇ، يوق؟ دېگەن سوئال ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە مەن تىلەمچى سىياقىدا تۇرمۇش كەچۈردۈم. مېنى ئەپسۇسلاندۇرغىنى، ماڭا سەدىقە بەرگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كەمبەغەللەر بولدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر كىشىنىڭ ئاق كۆڭۈل ياكى ئاق كۆڭۈل ئەمەسلىكىنىڭ پۇلىنىڭ كۆپ ياكى ئازلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق ئىكەن. ھالبۇكى، قول ئىلكىدە بار باي بىران ئەپەندىنىڭ كەمبەغەللەرنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىشقا، باشقىلارنى ھاقارەت قىلىشقا ئۇرۇنۇشى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىمۇ خورلاش ۋە ئۇياتقا قالدۇرۇش بىلەن ئاخىرلاشتى.

بىران داڭقېتىپ قالدى. لاۋرېنس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— جېككا ھەقىقەتەن بىر غۇرۇرلۇق قىز ئىكەن. ئۇنىڭ سۆيگەن يىگىتىنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كۆرسەتكەن ئەقىدىسى ۋە پىداكارلىقى كىشىلەردە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. مەن بۈگۈنكى توي مۇراسىمىنىڭ پۇلدار كىشىلەرنىڭ كەمبەغەللەرنى ھاقارەت قىلىدىغان تىياتىر بولماستىن، بەلكى ھەغدالارنىڭ شاھىتلىقىدىكى جېككا ئىككىمىزنىڭ چىن كۆڭۈل، سەممىي نىيەت بىلەن تاللىغان توي مۇراسىمىمىز بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر جېككا قىز راستىنلا مېنى تاللىغان بولسا، ئۇ ھالدا مەن چىن مۇھەببىتىم بىلەن ئۇنىڭ شىكەستىلەنگەن قەلبىنى ئىللىتىشقا تەييارمەن.

لاۋرېنسنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگىمەي مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى، جېككانىڭ بىر جۈپ چىرايلىق كۆزلىرىدە شادلىق يېشى چاقنىدى.

(«مىكرو ھېكايىلەردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: **قەيسەر قەييۇم**

# چاناق چىققان ئايال ھاكىم



ليۇ گوفاڭ

ئايجامال گاسىل تەرجىمىسى

ئەمەلىيەتتە ئايال ھاكىمنىڭ چىراي - تۇرقى بەكمۇ كۆرۈمسىز ئەمەس. لېكىن، تېلېۋىزور ئېكرانىغا چىقسىلا شۇنچە كۆرۈمسىز كۆرۈنىدۇ. ئۇ بىر ناھىيىنىڭ ھاكىمى بولغانلىقى ئۈچۈن كۈندە دېگۈدەك تېلېۋىزورغا چىقىدۇ. «ئايال ھاكىم پالانى يىغىنغا قاتناشتى»، «ئايال ھاكىم نامرات ئاھالىلەردىن ھال سورىدى»، «ئايال ھاكىم تۆۋەنگە چۈشۈپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى» ... دېگەندەك بىر تالاي ئىشلار چوقۇم ئېكرانىدا خەۋەر قىلىنىپ كۆرستىلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئايال ھاكىمنى ئېكراندا ئەڭ كۆپ كۆرگىلى بولىدىغان چولپان دېيىشكىمۇ تامامەن بولىدۇ.

بىراق، شۇغىنىسى، ئايال ھاكىم ئېكرانغا چىقسىلا ھەقىقەتەن كۆرۈمسىز، سەت چىقاتتى. شۇڭا ئۇ ھەمىشە تېلېۋىزىيە ئىستانسىغا تېلېفون بېرىپ نارازىلىق بىلدۈرەتتى. دائىم دېگۈدەك ئىستانسا باشلىقىنى ئەيىبلەپ:

— مەن ئېكرانغا نېمىشقا شۇنچە كۆرۈمسىز چىقىپ قالىمەن؟ سىلەر زادى قانداق سۈرەتكە ئېلىۋاتىسىلەر؟ — ... دەپ قاقشاپ كېتەتتى. بۇنداق تەرىزدە بېرىلگەن تېلېفوننى ئىستانسا باشلىقى دەسلەپ ئالغان ۋاقىتلاردا تېلېفوننى ئېلىۋېتىپ:

— ھە! بىز كېلەر قېتىم چوقۇم ياخشىراق قىلىشقا تىرىشىمىز، - دەيتتى. بىراق، بۇ گەپ ئەمەلدە يوق قۇرۇق گەپ ئىدى. «كېلەر قېتىم» بولغاندا ئايال ھاكىم يەنىلا ئېكرانغا كۆرۈمسىز چىقىپ قالاتتى - دە، ئاۋۋالقىدەكلا نارازىلىق تېلېفونلىرىنى بېرىشكە باشلايتتى. ئىستانسا باشلىقى ئالدىرىماي ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، بەلكىم ئۇنىڭ سۈرەتباب ئادەملەر تىپىغا كىرمەيدىغانلىقىنى، بەزى ئادەملەر ئەمەلىيەتتە چىرايلىق، لېكىن، ئېكرانغا سەت

چىقىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. كېيىن ئۇستانىسا باشلىقى ئايال ھاكىمغا تەكلىپ بېرىپ، چاچ پاسونىنى يېڭىچە پاسوندا لايىھىلىتىپ، يۈزىگە سۇس گىرىم قىلىپ بېقىشنى ئېيتتى. ئايال ھاكىم بۇ تەكلىپنى توغرا تاپقاندەك، ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە چاچ پاسونىنى ئۆزگەرتىپ، يۈزىگە سۇس گىرىم قىلغۇزۇپ باقتى. بىراق، ئېكرانغا يەنە ئاۋۋالقىدەكلا كۆرۈمسىز چىقىپ قالدى. ئايال ھاكىم تېرىكىپ تېلېۋىزىيە ئۇستانىسىغا يەنە تېلېفون بەردى. ئۇستانىسا باشلىقى بۇ قېتىم ئۇنىڭغا سەۋەبنى كۆرسىتىپ:

— سۈرەتكە ئېلىش ئۈسكۈنىلىرى بەكلا كونىراپ دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قالدى، شۇڭا سۈرەتكە تارتىلغان ئادەممۇ ياخشى چىقمايۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، ـ دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايال ھاكىم 50 تۈمەن پۇل ئاجرىتىپ تېلېۋىزىيە ئۇستانىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى پۈتۈنلەي يېڭىلىدى. شۇنداق قىلغان بولسىمۇ، ئايال ھاكىم ئېكرانغا يەنىلا ياخشى چىقالمىدى. ئۇ زەردىسى قاينىغان ھالدا ئۇستانىسا باشلىقىغا تېلېفون بېرىپ:

— سىلەرنىڭ ئۇ مۇخبىرلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى بىر توپ ئاق نانچىلار ئىكەنلا، ـ دەپ تىللاپ كەتتى.

يالغۇز ئايال ھاكىملا تېلېۋىزىيە ئۇستانىسىدىن نارازى بولۇپ قالماي، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ نارازى ئىدى. ئۆز ئائىلىسىدىن چىققان بىر ھاكىمنىڭ ئاممىۋى ئۇبرازىغا ئۇلار ئەلۋەتتە ھەممىدىن بەكرەك دىققەت قىلىدۇ ـ دە! شۇڭا ئۇلارنىڭ ئايال ھاكىمنى ئېكرانغا ياخشى چىقارمىغانلىقىدىن، سۈرەتكە شۇنچە ناچار تارتقانلىقىدىن تولىمۇ ئادالەتسىزلىك ھېس قىلىپ ھەتتا تېلېفون بېرىپ قاقشاپ كېتەتتى. ئايال ھاكىمنىڭ ئىنىسى ھەر قېتىم تېلېۋىزىيە ئۇستانىسىغا تېلېفون بېرىپ قەھرى بىلەن:

— سىلەر ھارامتاماقلار! نېمىشقا ئاچامنى سۈرەتكە شۇنچە سەت تارتىسىلەر ـ ھە! ـــ دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇستانىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمىدى. لېكىن، تېلېفوننى قويۇپلا نارازى بولۇپ:

— بىزگە نېمە ئامال، ئۇ ھاكىمنىڭ تۇرقى شۇ تۇرسا، ـ دەپ غۇدۇراپ كېتىشتى.

ئايال ھاكىم ھەقىقەتەنمۇ سۈرەتكە ياخشى چىقالمايدىغان، سۈرەتناباب كىشىلەر تىپىدىن بولۇپ، ئېكرانغىلا ئەمەس، فوتو سۈرەتكىمۇ شۇنچە كۆرۈمسىز چۈشەتتى.

ئايال ھاكىم ناھىيىدىكى بىر نەچچە فوتوگرافلارغا، ھەتتا جۇڭگو فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىغا ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى تارتقۇزۇپ باقتى. لېكىن، نەتىجىسى ئاۋۋالقىدەكلا كۆرۈمسىز بولۇپ چىقتى. بىر قېتىم بىر فوتوگراف ئايال ھاكىمنىڭ سۈرىتىنى تارتىپ بەردى. ئايال ھاكىم سۈرەتنى قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قاراپ نېمانچە سەت تارتتىڭىز؟ بۇ مەنىما؟ دەپ سورىغىنىدى، بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى فوتوگراف قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

ناھىيىدە بىر رەسسام بار ئىدى. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ كىشى جۇڭگو گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، رەسىمنى شۇنداق ئوخشىتىپ سىزالايدىكەن. بۇ گەپ ئايال ھاكىمنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ رەسسامنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ بېرىشنى ئېيتتى. رەسسام كېلىپ ئايال ھاكىمنىڭ يەتتە ـ سەككىز پارچە سۈرىتىنى ئېلىپ كېتىپ، ئۆيىدە نەچچە كۈن سىزدى. رەسىم پۈتكەندىن كېيىن، رەسسام رەسىمنى ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇ ھاكىمنىڭ ئۆيىگە بارسا ئايال ھاكىم يوق ئىدى. ھاكىمنىڭ ئۆيىدىكىلەر رەسىمنى كۆرۈپ

— كىمنىڭ رەسىمى بۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

— ئايال ھاكىمنىڭ رەسىمغۇ؟ ـ دېدى

رەسسام. لېكىن، ئۇلار:

— سىز ھاكىمنى بەكلا چىرايلىق سىزىۋەتتىڭىزمۇ قانداق؟ بۇ زادىلا ئوخشىمايدىغۇ؟ — دېسە، رەسسام گەپدانلىق بىلەن: ئايال ھاكىم ئەسلىدىنلا چىرايلىق تۇرسا! — دەپ تۇرۇۋالدى. ھاكىم قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ ناھايىتى رازى بولۇپ ئۆيىدىكىلەرگە:

— بۇ رەسىم ئەمدى ماڭا ئوخشاپتۇ، — دېدى ھەم ئىستانسا باشلىقىغا تېلېفون بېرىپ، ئۆيىگە بىر كېلىپ كېتىشنى ئېيتتى. ئىستانسا باشلىقى كەلگەندە ئايال ھاكىم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھېلىقى رەسىمنى كۆرسىتىپ:

— قاراڭە، ماڭا نېمىدېگەن ئوخشىغان — ھە! سىلەرنىڭ قىلغىنىڭلار نېمە ئۇ؟ 50 تومەنلىك ئوسكونە ئەكەلدۇرۇپ بەرسەممۇ، مېنى يەنىلا شۇنداق سەت تارتىپ قويىسىلەر، خەققە بىر پۇڭ پۇل خەجلىمىسەممۇ، مېنى شۇنداق ئوخشىتىپ سىزىپ بەردى، — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ ئىستانسا باشلىقىنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئايال ھاكىم يەنە ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان غەلىتە بىر ئامالنى ئويلاپ تېپىپ ئىستانسا باشلىقىغا:

— مۇشۇ رەسىمنى كومپيۇتېرغا چۈشۈرۈۋېلىڭلار ھەم بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئاچقان يىغىنلارنى سىنغا ئېلىپ ۋە ياكى سۈرەتكە تارتىپ بولۇپ ئېكراندىكى كۆرۈنۈشكە ۋە فوتو سۈرەتلىرىمنىڭ باش قىسمىغا كىرىشتۈرۈڭلار، — دېدى. ئىستانسا باشلىقىنىڭ چىرايى غەلىتە ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئايال ھاكىمنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ:

— ھازىر تېخنىكا شۇنچە ئىلغارلىشىپ كەتكەن تۇرسا يەنە قىينىلىدىغان نەرى بار؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئىستانسا باشلىقى ئامالسىز بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى. ئىككىنچى كۈنى ئايال ھاكىم يەنە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ يىغىن ئاچتى. ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئەلۋەتتە بۇنى خەۋەر قىلىپ تارقىتاتتى. بۇ خەۋەرنى باشتىن - ئاخىر ئىستانسا باشلىقى ئۆزى باش بولۇپ كۆرسەتمە بېرىپ ئىشلىدى ھەم دېگەندەك سۈرەت، كۆرۈنۈشلەردىكى ئايال ھاكىمنىڭ باش قىسىم كۆرۈنۈشىگە ھېلىقى رەسىمنى كىرىشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. خەۋەر پۈتكەندىن كېيىن ھاكىم ئۆزى بىر قېتىم كۆرۈپ ناھايىتى رازى بولغان ھالدا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي:

— مانا قاراڭ، مانا قاراڭ، ئەمدى ماڭا ئوخشاپتۇ ئەمەسمۇ، - دەپ كەتتى. لېكىن، باشقىلار بۇنداق قارىمىدى. كەچتە خەۋەر تېلېۋىزوردا بېرىلدى، ھەممىلا كىشى ئايال ھاكىمنى باشقا بىرى دەپ قالدى.

بىر ئائىلىدىكى خەۋەر كۆرۈپ ئولتۇرغان كىشىلەر چۆچۈپ:

— ئاپلا، نېمىشقا ھاكىمنى ئالماشتۇرۇۋەتكەندۇ؟ — دېيىشتى. يەنە بىرى:

— شۇ ئەمەسمۇ! ھاكىمنى ئالماشتۇرۇۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ، - دېدى. يەنە بىر كىشى بولسا:

— بىر ئوبدان تۇرمامتى، نېمىشقا ئالماشتۇرۇۋەتكەندۇ ئەمدى؟ - دېدى.

تېخى بەزى كىشىلەر:

— تېخى بىلمىدىڭلارمۇ؟ ئۇ ھاكىم چوقۇم چاتاق چىقارغان گەپ! - دېيىشتى.

بۇ قېتىم ھەممىسىلا:

— توغرا، ئايال ھاكىم راستىنلا چاتاق چىقىرىپ قويغان ئوخشايدۇ، - دېيىشتى.

(«مىكرو ھېكايىلەردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2007 - يىلى 12 - سانىدىن)

**تەھرىرلىگۈچى: قادىر راخمان**

# ئانا تىل ھۆكۈمرانلىقىنى تالىشىش جېڭى



ۋاڭ چۇنخۇا

پولات ئامانىيار تەرجىمىسى

2002 ـ يىلى قىشتا، بىز بىر ئائىلە كې-
شىلىرى كانادانىڭ تورونتو شەھىرىگە كۆچۈپ
باردۇق. شۇ كۈنى كەچتە، بىز كەچلىك تاماق-
نى ئەمدىلا يەپ بولۇشىمىزغا ئىشىك چېكىل-
دى. ئىشىكنى ئېچىپ قارىۋىدىم، ئىشىك
چەككۈچى چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقىرىپ كەت-
كەن ياشانغان بودەك بىر خانىم ئىكەن. خانىم
تونۇشلۇق بېرىپ ئىسمىنىڭ رايىسېن بولۇپ،
فرانسىيىلىك كۆچمەن ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ
بىز كۆچۈپ كىرگەن بىنانىڭ ئاستىنقى قە-
ۋىتىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەتىسى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، رايى-
سېن خانىم يەنە دەل تۈنۈگۈنكى چاغدا ئى-
شىكىمىزنى چەكتى، ئۇ ئالدى بىلەن سوۋغا
سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەن بىر دەستە گۈلنى
ماڭا بەرگەندىن كېيىن، ئارقىدىنلا خۇددى
سېھىرگەرلەردەك سومكىسىدىن فرانسۇز تىلىدا
نەشر قىلىنغان «شاھزادە» دېگەن كىتابنى
چىقىرىپ، ئۇنى ئوغلۇم كەن كەنگە بېرىدى-
غانلىقىنى ئېيتتى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان
كەن كەن:

— رايىسېن خانىم، مەن فرانسۇزچىنى
بىلمەيمەن، رەھمەت سىزگە، — دېدى ئەدەپ
بىلەن.

— قوزام، بىلمىسەڭ بۇنىڭ كارايىتى
چاغلىق، — دېدى رايىسېن خانىم ناھايىتى مۇ-
لايىملىق بىلەن، — ھازىردىن باشلاپ مەن
ساڭا ئۆگىتىپ قويسامالا بولىدۇ ئەمەسمۇ.

شۇندىلا، ئېرىم ئىككىمىز رايىسېن خا-
نىمنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنىڭ ئوغلىمىزغا
فرانسۇز تىلىنى ئۆگىتىش ئىكەنلىكىنى بىل-
دۇق. ئەسلىدە رايىسېن خانىم پېنسىيىگە
چىققاندىن كېيىن، بىر تىل ئۆگىنىش
مەكتىپىگە پىدائىي بولۇپ قاتنىشىپ، يېڭى
كەلگەن كۆچمەنلەرگە فرانسۇز تىلىنى ھەقسىز
ئۆگىتىپ قويۇۋاتقانىكەن.

كېلىشكىنىمىز بويىچە ھەر كۈنى كەچ-
لىك تاماقتىن كېيىن، رايىسېن خانىم دەل
ۋاقتىدا ئۆيىمىزگە كىرىپ كەن كەننىڭ فران-
سۇز تىلىنى ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك

قىلدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا كەن كەنمۇ فرانسۇز تىلىدا تۇرمۇشتا قوللىنىلىدىغان ئادەتتىكى سۆزلەرنى قىلالايدىغان بولدى.

ئىككى ئايدىن كېيىن، كەن كەننى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردۇق. بىر كۈنى چۈشتە توساتتىن ئۆيىمىزنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ كەتتى. ئىشىكنى ئېچىپ قارىسام، ئىشىك ئالدىدا چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقىرىپ كەتكەن «بالا چىراي» بىر بوۋاي تۇرۇپتۇ. بوۋاينىڭ ئىسمى تېگيوەن جاۋنەن بولۇپ، بىز تۇرۇۋاتقان بىنانىڭ قارشى تەرىپىدىكى بىنادا تۇرىدىكەن.

— ئاڭلىسام، ئوغلىڭىز يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپتۇ، مەن ئوغلىڭىزنى مەكتەپكە ئاپىرىپ - ئەكىلىشكىزگە ياردەملىشەيمىكىن دەيمەن، بۇنىڭغا قانداق قارايسىزكىن؟ — دېدى تېگيوەن ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ.

تېگيوەن ئەپەندى سائەتلىك ئىشچى ئەمەستۇ دەپ ئويلاپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا ئېزىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئوغلۇمنى مەكتەپكە خالىس ئاپىرىپ - ئەكىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئازراقمۇ ھەق ئالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. شۇنداق قىلىپ، كەن كەننى مەكتەپكە ئاپىرىپ - ئەكىلىدىغان ۋەزىپىنى تېگيوەن ئەپەندىگە تاپشۇردۇق.

ھەش - پەش دېگۈچىلا روژدېستۋو بايرىمىمۇ يېتىپ كەلدى. بايرامنىڭ ھارپا كۈنى، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ ئىككى بوۋاي - موماينغا كۆڭلىمىزنى ئىزھار قىلىپ قويۇش ئۈچۈن بىرەر نەرسە سوۋغا قىلىشنى مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇراتتۇق، ئويلىمىغان يەردىن تېگيوەن ئەپەندى ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن ئاشىدىغان بىر تۈپ روژدېستۋو دەرىخىنى دۈمبىسىگە يۈدۈۋالغانىدى. دەرەخنىڭ شاخلىرىغا ئوغۇل بالىلار ياخشى كۆرۈپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق تاپانچا، قوراشتۇرما ئويۇنچۇق دېگەندەك ئوخشاش نەرسىلەر ئېسىقلىق تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا رايسېن خانىممۇ كەن كەنگە ئۆز قولى بىلەن توقۇغان يۇڭ شەپكىدىن بىرنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە كىردى. ئۇ ساپادا ئولتۇرغان تېگيوەن ئەپەندىنى كۆرۈپلا ھەيران بولغان ھالدا:

— تېگيوەن ئەپەندى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسىز؟ — دەپ سورىدى. ئەسلىدە ئۇلار خېلى بۇرۇنلا تونۇشاتتىكەن.

— كەن كەننى مەن بۇرۇنلا بايقىغان، سىز نېمىشقا ئۇنى مەندىن تارتىۋالماقچى بولىسىز؟ — دېدى رايسېن خانىم تېگيوەن ئەپەندىگە ئاچچىقلاپ. تېگيوەننىمۇ بوش كەلمىدى:

— كەن كەن يالغۇز سىزگىلا تەئەللۇق ئەمەس، ئۇ دېگەن كۆپچىلىكنىڭ ...

بىز بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ تالاش - تارتىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەندۇق. ئەسلىدە رايسېن خانىم بىلەن تېگيوەن ئەپەندى ھەر ئىككىسىلا تىل ئۆگىتىش مەكتىپىنىڭ پىدائىيلىرى بولۇپ، بىرى فرانسۇز تىلىنى، يەنە بىرى ياپون تىلىنى ئۆگىتىشكە مەسئۇل ئىكەن. ئۇلار ئېخىمۇ كۆپ بالىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىۋېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۆز ئانا تىلىنى قىزغىن سۆيىدىغان بۇ ئىككى بوۋاي - موماي دائىم دېگۈدەك بىر بالىنى تالىشىپ مۇشۇنداق ئارازلىشىپ قالىدىكەن.

شۇندىلا مەن تېگيوەن ئەپەندىنىڭ ئوغلىمىزنى مەكتەپكە خالىس ئاپىرىپ - ئەكىلىشىنىڭ سەۋەبى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز ئانا تىلى بولغان ياپون تىلىنى ئوغلىمىز كەن

كەنگە ئۆگىتىش ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

ئاشۇ كۈنكى سۈركىلىشتىن كېيىن، بۇ ئىككى بوۋاي ـ موماي ئۆز كارامەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، جېنىنىڭ بارىچە بىز بىر ئائىلىدىكىلەرنى ئۆزىگە تارتقىلى تۇردى. ئېرىم ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى «كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان» ياخشى بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى. بۇنداق بولغاندا، كەن كەن ھەم فرانسۇز تىلىنىمۇ ھەم ياپون تىلىنىمۇ ئۆگىنەلەيتتى.

مەن قارارىمنى ئۇ ئىككىيلەنگە دېۋىدىم، ئۇلار قوشۇلدى. بىراق، رايىسىن خانىم بۇنىڭدىن تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتقاندەك:

— ئىشەنچلىك خەۋەرگە قارىغاندا — دېدى ئۇ،— مۇشۇ ئەتراپتا تۇرىدىغان بىر ئىسپان تىلى ئۆگىتىدىغان پىدائىيىنىڭ نەزەرىمۇ سىلەرنىڭ كەن كەنگە چۈشكەندەك قىلىدۇ. سىلەر كەن كەننىڭ ئىسپان تىلى ئۆگىنىشىگە ھەرگىز يول قويماڭلار جۇمۇ.

مەن ئۇنىڭغا كەن كەننىڭ ئىسپان تىلى ئۆگەنمەسلىكىگە ۋەدە بەردىم.

بۇ بىر مەيدان جېدەلدىن كېيىن، مەن چۈشەنمىگەن ھالدا ئېرىمدىن، بۇ بوۋاي ـ موماي پىدائىيلار نېمانچە ئەستايىدىللىشىپ كېتىدىغانلىقىنى سورىۋىدىم، ئېرىم:

— ئۇلار ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدىن پەخىرلىنىدۇ، شۇڭا ئۇلار تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئۆگىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— مەنمۇ پىدائىيلار سېپىگە قېتىلىپ، — دېدىم ئېرىمدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، — بۇ بىر مەيدان ئانا تىل ھۆكۈمرانلىقىنى تالىشىش جېڭىدە، ئاشۇ قاڭشارلىق سېرىق چاچلارغا خەنزۇ تىلىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ئىكەنلىكىنى ئوبدانراق بىلدۈرۈپ قويمىسام.

يېڭى بىر يىلنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ، مەنمۇ خۇددى ماشكىغا ئوخشاش ئۆزۈمنىڭ تىل ئۆگىتىش نىشانىمنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتىم.

(«مىكرو ھېكايىلەردىن تاللانمىلار» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق 12 ـ سان)

تەھرىرلىگۈچى: **مۇزەپپەر پولات**

(بېشى 51 ـ بەتتە)

كونا ئەسكەرنى يازاتتى. يېڭى ئەسكەرمۇ قىزىقىش ھېس قىلىپ يېزىشقا كىرىشتى.

بىر كۈنى، كونا ئەسكەرنىڭ شېئىرلىرى «دۆڭجياۋ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» دە ئېلان قىلىندى. شېئىرنىڭ ئاخىرىغا يەنىلا «مەسئۇل مۇھەررىرى: لەن لەن» دەپ يېزىلغانىدى. يېڭى ئەسكەر قىزىقسىنىپ سورىدى:

— لەن لەن ئەرمۇ ياكى ئايالمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئايال ـ دە! — دېدى كونا ئەسكەر.

يېڭى ئەسكەرنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزاردى، ئۇ دۇدۇقلىغان ھالدا قايتا سورىدى:

— ئۇ چىرايلىقمۇ؟

كونا ئەسكەر بۇرۇلۇپ كەك دېڭىزغا، ماياكقا، يەنە ماياك يېنىدىكى يېڭى قەبرىگە بىر ـ بىرلەپ تىكىلدى ۋە ئاستا جاۋاب بەردى:

— ھەئە، ناھايىتى چىرايلىق....

«مىكرو ھېكايىلەر ئايلىق ژۇرنىلى» نىڭ 2006 ـ يىل 8 ـ سانىدىن

تەھرىرلىگۈچى: **مۇزەپپەر پولات**

# ماياك

ياڭ جيەنكۇ

ئابدۇرۇسۇل مۇھەممەت ئەلتوغ تەرجىمىسى





دۈڭجياۋ ئارىلىدا بىر كونا ئەسكەر بىلەن بىر يېڭى ئەسكەر بار ئىدى. ئارالدا پەقەت بىرلا ماياك بار بولۇپ، كونا ئەسكەر بىلەن يېڭى ئەسكەر كۈنلەپ، ئايلاپ ئاشۇ ماياكقا ھەمراھ بولاتتى. ئۇلار ماياكقا قارىغاچ كۈندۈزى دېڭىزنىڭ شاۋقۇنلىرىغا قۇلاق سالسا، كېچىلىرى چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى سانايتتى.

كونا ئەسكەر دائىم: دېڭىز شاۋقۇنلىرىغا قۇلاق سېلىش، يۇلتۇزلارغا قاراش ئادەمگە شېئىرىي تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ، دەيتتى.

يېڭى ئەسكەرگە بولسا دېڭىز شاۋقۇنلىرىغا قۇلاق سېلىش، يۇلتۇزلارغا قاراش شۇنچىلىك مەززىسىز ھەم زېرىكىشلىك تۇيۇلاتتى.

كونا ئەسكەر ئارام ۋاقىتلىرىدا قولىغا قەلەم ئېلىپ، يۇلتۇزلارنى، بۇلۇتلارنى، چايكىلارنى، جەڭ كېمىلىرىنى يازاتتى. بۇ يېڭى ئەسكەرگە قىزىقارلىق تۇيۇلۇپ، ئۇمۇ كونا ئەسكەرگە ئوخشاش قولىغا قەلەم ئالدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ، كونا ئەسكەرنىڭ «ئايغا باقسام» ناملىق بىر پارچە شېئىرى «دۈڭجياۋ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى»دە ئېلان قىلىندى. كونا ئەسكەر ئىچ ـ ئىچىدىن شادلىنىپ چۆمدى. يېڭى ئەسكەرنىڭ ئۈنىڭغا قەۋەتلا ھەۋىسى كەلدى.

شېئىرنىڭ ئاخىرىغا «مەسئۇل مۇھەررىرى: لەن لەن» دەپ يېزىلغانىدى. يېڭى ئەسكەر قىزىققان ھالدا كونا ئەسكەردىن لەن لەننىڭ ئەر ياكى ئاياللىقىنى سورىدى.

— ئەلۋەتتە، ئايال بولىدۇ ـدە! — دېدى كونا ئەسكەر. يېڭى ئەسكەرنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ، تارتىنىپراق:

— ئۇ چىرايلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— چوقۇم چىرايلىق، — دېدى كونا ئەسكەر.

بىر ھەپتىدىن كېيىن كونا ئەسكەر «دۇگجياۋ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» تەھرىراتىغا باردى. ئۇ قايتقاندا يېڭى ئەسكەرگە:

— لەن لەن بىلەن كۆرۈشتۈم، لەن لەن سىڭىلنىڭ شېئىرلىرىڭنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى قايناق ھېسسىياتنى ماختاپلا كەتتى، — دېگەنىدى، يېڭى ئەسكەرنىڭ يۈزلىرى ھۈپپىدە قىزىرىپ، ئۇنىڭدىن:

— لەن لەن چوقۇم ناھايىتى چىرايلىق، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، — جاۋاب بەردى كونا ئەسكەر ئىتتىكلا.

شۇنىڭدىن تارتىپ يېڭى ئەسكەرگە بۇلۇتلار شۇنچىلىك رەڭدار كۆرۈنىدىغان، دېڭىز شاۋقۇنلىرى شۇنچىلىك چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان بولدى. كۇنلەر ئايلارنى قوغلىشىپ، ئۇنىڭ كەلگىنىگىمۇ ئىككى يىل بولاي دەپ قالدى. ئىككى يىل توشقان ئەسكەرلەرگە ھەر ئايدا بىر قېتىم قىرغاققا چىقىش پۇرسىتى بولاتتى. شۇ چاغدا ئۇ تەھرىراتقا بىرىپ لەن لەن بىلەن كۆرۈشىدۇ، لەن لەن چوقۇم ناھايىتى كېلىشكەن قىز.

بىر كۈنى كېچە، قاپقارا ئاسماندا تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز جاھاننى بىر ئالدى. ئەسەبىيلەشكەن دېڭىز دولقۇنلىرى ئەجدىھادەك ھەيۋە قىلاتتى. دۇگجياۋ ئارىلىدا قارا يامغۇر يېغىپ، پۈتۈن جاھان تۇۋۇقنى ياپقان قازاندەك قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالدى.پەقەت ئورنىتىلغىنى ئۇزۇن يىللار بولغان ئاشۇ ماياكلا غوۋا يېنىپ تۇراتتى.

يېڭى ئەسكەر گۈلدۈرماما ساداسىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. كونا ئەسكەرنى بىر قانچە قېتىم چاقىرىۋىدى، ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئۇ قولچىرىغىنى ئالدى ـ دە، يامغۇرلۇق چاپانىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەستىن، قارا يامغۇر ئىچىدە ماياك تەرەپكە قاراپ چاپتى. چاقماق يورۇقىدا ئۇ ماياك ئاستىدا ياتقان بىر ئادەمنى كۆردى. يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىۋىدى، ئۇ دەل كونا ئەسكەر بولۇپ چىقتى. كونا ئەسكەر يامغۇرلۇق كىيىممۇ كىيمىگەن، پۈتۈن بەدىنى لايغا مىلەنگەن، كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، بېشىدىن ئاققان قان، يامغۇر بىلەن قوشۇلۇپ يۈزلىرىدىن سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى يەر قانغا بويالغان ھەمدە ئەتراپقا بارغانسېرى كېڭىيىپ لاي بىلەن قوشۇلۇپ قارا تۇپراققا سىڭمەكتە ئىدى.

كونا ئەسكەر ئىككى قولىدا مەشغۇلات ئۈيىدىن ماياكقىچە تارتىلغان ئېلېكترسىمنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. ماياك تېخى ئۆچمىگەن، ئەمما كونا ئەسكەر ئەمدى ھوشىغا كېلەلمەيتتى. يېڭى ئەسكەر كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ، ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى.

دۇگجياۋ ئارىلىدا بىر يېڭى قەبرە كۆپەيدى. يېڭى قەبرىنى ماياك نۇرى يورۇتۇپ تۇراتتى.

بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، دۇگجياۋ ئارىلىغا يەنە بىر يېڭى ئەسكەر كەلدى. ئەلىدىكى يېڭى ئەسكەر ئەمدىلىكتە كونا ئەسكەرگە ئايلانغانىدى. كونا ئەسكەر قىرغاققا چىقتى. ئۇ تەقەززالىق بىلەن «دۇگجياۋ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» تەھرىراتىغا كەلدى ۋە لەن لەن ئىسىملىك قىزنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئېيتتۇدى، ئۇبدانلا ياشىنىپ قالغان بىر بوۋاي ناھايىتى بوم ئاۋازدا:

— لەن لەن دېگەن مەن بولىمەن، — دېدى.

ئەسكەر بېشىنى چايقىدى. ئۇ بۇ بوۋاينىڭ لەن لەن ئىكەنلىكىگە ئۆلسىمۇ ئىشەنمەيتتى. تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ مويسىپىتنىڭ لەن لەن ئىكەنلىكىگە كاپالەت بەرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇ — ئەمدىلا ھوشىغا كەلگەندەك بېشىنى چايقاپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— لەن لەن شۇ ئىكەنده.

دۇگجياۋ ئارىلىدا ئىلگىرىكىدەكلا بىر يېڭى، بىر كونا ئەسكەر تۇرۇۋەردى. كونا ئەسكەر ئۈزۈلدۈرمەي شېئىر يازاتتى.

دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ سادالىرىنى، چايكىلارنى، جەڭ كېمىلىرىنى، يەنە ئىلگىرىكى

(ئاخىرى 49 ـ بەتتە)

# بىر تال تاماكا قالدۇقى



ليۇشاۋچۈەن

مۇنىرە تۇقسۇن تەرجىمىسى

يۇخېنىڭ ئېرى بىر قانچە كۈن ئىلگىرى كوماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېرىنى بەك سېغىنىدى. ئېرىنىڭ تاماكا خۇمارى كۈچلۈك بولغاچقا، يۇخې ھەر قېتىم ئۆيگە كىرگەندە دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان تاماكا پۇرىقىغا ئادەتلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇ ئۆزگىچە بىر خىل ئىللىقلىق ھېس قىلاتتى.

بۇ بىر قانچە كۈندىن بېرى ئۆيدە ئېرى بولمىغاچقا، تاماكا پۇرىقى بولمىغان ئۆي ئۇ-نىڭغا شۇنداق سوغۇق بىلىندى. بولۇپمۇ كەچتە بۇ خىل تۇيغۇ كۈچىيىپ كېتەتتى. ئېرىگە بولغان سېغىنىشنى پەسەيتىش ئۈچۈن، ئۇ بالدۇر يېتىپ بۇرۇنراق ئۇخلىۋېلىشنى ئويلىدى.

بىراق، ئۇياققا ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ ھەر قانچە قىلىپمۇ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇيقۇ-سىزلىق ئۇنى خوپ قىينىدى. ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇردى ـ دە، كۈلدانىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ قويدى. تاماكىدىن چىققان كۆك ئىس ئاستا ـ ئاستا ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. بىردەمدىن كېيىن تاماكىنىڭ پۇرىقى پۈتۈن ئۆينى بىر ئېلىپ، ئۆي ئىچى ئېرى بار چاغ-لاردىكىدەك ئىللىقلىققا تولدى.

يۇخې ئۆزىنىڭ تۇيغۇسىنى تېپىۋالغان-دىن كېيىن، كۆزلىرى ئاستا ـ ئاستا يۇمۇلدى... ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى. ئۇ ئېرىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى ـ دە، دەرھال كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئى-شىكنى ئاچتى.

ئېرى ئۆيگە كىرىپلا، تاماكا ھىدىنى

پۇراپ، كۆلدانىدىكى بىر تال تاماكا قالدۇقىنىڭ كۆزى چۈشتى. تۇتۇپ كۆرۈۋىدى، تېخى قىزىقى بار ئىكەن. يۈرىكى ئىختىيارسىز ئېغىپ كەتتى. كىم كەلگەندۇ؟ مۇشۇلارنى ئويلاپ ئالدىراپ ياتقۇسى كەلمىدى.

— تېزراق يېشىنىپ، ئارام ئېلىڭ — دېدى خوتۇنى.

— سەن ئۇخلاۋەر، مەن تاشقىرىقى ئۆيدە ياتىمەن، — دېدى ئېرى سوغۇقلا.

بەلكىم سەپەردە ھاردۇق يەتكەندۇ، تاشقىرىدا ياتسا ياتسۇن، دەپ ئويلىدى خوتۇنى. ئۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ، بىر كىچە خاتىرجەم ئۇخلىدى. چۈنكى ئېرى قايتىپ كېلىپ، ئۆيدە تاماكا ھىدى پەيدا بولغانىدى.

ئەتىسى دەم ئېلىش كۈنى بولۇپ، يوخچى ئورنىدىن ۋاقچىراق تۇردى. ئۇ ئېرىنىڭ مېھمانخانىدىكى ساپادا تاماكىنى بولۇشىچە چېكىپ كۆڭۈلسىز ھالدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

— قايتىپ كەلگەندىن بېرى خاپا كۆرۈنىسىز، بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىدىڭىزمۇ نېمە؟ — خوتۇنى غەمخورلۇق بىلەن سورىدى.

ئېرى جاۋاب بەرمەستىن تاماكىنى تېخىمۇ قاتتىق شورىدى.

— زادى نېمە بولدى؟ ئىچىڭىزنى پۇشۇرۇۋاتقان قانداق ئىش ئۇ، ماڭا ئېيتقىلى بولمىغۇدەك؟ — خوتۇنى بىر ئاز جىددىيلەشتى.

ئېرى ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

— مەن يوق ۋاقتىمدا، ئۆيگە كىم كەلدى؟

— ھېچكىم كەلمىدى، — خوتۇنى كەسكىنلىك بىلەن ئېيتتى.

— ھېچكىم كەلمىگەن بولسا، كۆلدانىدىكى تاماكا قالدۇقى نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ — دېدى ئېرى.

خوتۇنى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، جىددىيلىكى شۇئان پەسەيدى...

— ئەسلىدە مۇشۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە جىمىپ كېتىپسىز — دە. ئۇ تاماكىنى مەن قويۇپ قويغان. سىزنىڭ تاماكا ھىدىڭىز پۇراپ تۇرمىسا ئۇخلىيالمايدىكەنمەن. شۇڭا ئۇ تاماكىنى ياندۇرۇپ قويغانىدىم.

— سەن مېنى ئۈچ ياشلىق بالا كۆرۈۋاتامسەن؟

— مېنى ئالدىدىڭ دەپ ئويلىغان بولسىڭىز، شۇنداق ، سىزنى ئالدىدىم، — خوتۇنى ئاچچىق بىلەن دوق قىلدى، — قانداق ئويلىغىڭىز كەلسە شۇنداق ئويلاۋېرىڭ.

ئۇلار مۇشۇنداق تەگىشىپ، ھېچكىم — ھېچكىمنى قايىل قىلالمىدى. شۇنچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. بىرى بىلەن بىرىنىڭ كارى بولمىدى. يىگىرمە نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بىر كۈنى كەچتە ئېرى ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

— ئىككىمىز توي قىلغىلى شۇنچە يىللار بولسىمۇ، بەزى ئىشلارنى تېخىچە مەندىن يوشۇرۇۋاتقان ئوخشايسەن.

— ئەسلىدە ھېچقانداق ئىش يوق ئىدى. بىراق سىز قەستەن تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەكچى بولۇۋاتىسىز. بىرەر ئىش پەيدا قىلىپ كۆڭلىڭىزنى ئاغرىتىۋالمىسىڭىز ئۇنىمايدىغان ئوخشايسىز. مېنى نېمە دېگۈزمەكچىسىز؟

— ئېيتمىساڭ مەيلى. مەن كۆپ ئويلاندىم. ماڭا ئىشەنمىگەنىكەنسەن. بولدى، بىز ئاجرىشىپ كېتەيلى، — ئېرى گېپىنى تۈگىتىپلا بىر پارچە ئاجرىشىش كېلىشىمىنى خوتۇنىنىڭ ئالدىغا ئىتتەردى.

ئېرىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن خوتۇنى بىر ئاز ساراسىمىگە چۈشتى.

— سىز مېنى مەجبۇرلاپ بىر نەرسە دېگۈزمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان ئوخشىمامسىز؟

— سېنى مەجبۇرلىغىنىم ئەمەس. بەلكى سېنى ماڭا سەممىي بولسۇن دەۋاتىمەن.

(ئاخىرى 59 ـ بەتتە)




## هۆرمەت ساڭا قوڭالتاق كەش كيگەن دوستۇم

### يۈەن رېن

كىملىكىڭنى سېنىڭ ھېچكىم ئۇقمايدۇ پەقەت،
بۈگۈن چۈشتە يېتىپ كەلدىڭ دوختۇرخانىغا.
ئىسمىڭ «مەينەت»،«ھارغىنلىق»تۇر فامىلەڭ سېنىڭ،
ئۇستۈڭدىكى مىلىنىپتۇ توزان ـ توپىغا.
كەمتەرلىكىڭ شال مايسىسى كەبى ئەۋرىشىم،
چىرايىڭدا يوقتۇر ئارتۇق تەشۋىش ھەسرەتتىن.
ئىسسۋاپسەن كۆيۈپ قالغان ئۇڭ قولنى، بىراق —
كۆڭلۈڭ ئىدى غەش شەھەردە قالغاچ ئەمگەكتىن.
داۋالىنىش پۇلى ئۈچۈن چېكەتتىڭ ئەلەم،
ئۆزگە يەردە ـ ئاشۇ ئوكۇل سېلىش ئورنىدا.
چىشنى چىشلەپ ئاغرىقلارغا بېرەتتىڭ بەرداش،
سەۋر ـ تاقەت قىلىپ ھەممە ئازابقا مۇندا.
ئەي قوڭالتاق ئاياغ كيگەن ئىنىم، كۆرۈپلا —
سېنى، ئەسكە چۈشتى ئاشۇ باللىق چېغىم:
تۇتاي ساڭا ھۆرمەتتە مەن بىر تال تاماكا.
ھېسداشلىقىم باردۇر ساڭا، ئەمما بۈگۈندىن —
باشقىسىنى بېرەلمەيمەن پۈتتۈرۈپ ساڭا.

## سېغىنىمەن...

### پېڭ سەيشېن

مەن ئانامغا تاماق ئۇسۇپ بەرگەن چېغىمدا،
كۆتۈرىمەن چوڭقۇر سېلىپ، ئاستا چۆمۈچنى.
ھەتتا بىر تال گۈرۈچنىمۇ چېچىۋەتمەيمەن...
كىچىكىمدە باققان شۇنداق ئاناممۇ مېنى.

مەن ئانامغا چاي تۇتقاندا يەڭگىل كۆتۈرۈپ،
پىيالىگە چاينى سىلىق، ئاستا قۇيىمەن.
كۆيمىسۇن دەپ ئاغزى، ئازراق ئۇتلاپ باقىمەن...
كىچىكىمدە ئۇمۇ ماڭا شۇنداق چاي بەرگەن.

مەن ئانامغا يېڭۈزگەندە قورۇما قورۇپ،
رەڭگى، يۇمشاق ـ قاتتىقلىقى، تەمىنى بىلىپ:
ئاندىن ئىللىق چىراي بىلەن بېرىمەن ئاڭا....
ئۇمۇ مېنى چوڭ قىلغانتى ئاشۇنداق بېقىپ.

مەن ئانامغا ھەمراھ بولۇپ يول يۈرگەن چاغدا،
تەڭ ماڭىمەن يولدا تۇتۇپ قولىنى يۆلەپ.

ئاۋايلايمەن كەتمىسۇن دەپ مىتكوت پۈتىنى....
ماگدۇرغان ئۇ مېنىمۇ ھەم شۇنداق يېتىلەپ.

ھايات شۇنداق، كەلگۈسىدە قېرىيمەن مەنمۇ،
ئۇ چاغدىمۇ گۈللەر يەنە بۇ خىل ئەنئەنە.
ۋارىسلىرى ئۆزۈلمەيدۇ مېھىر ـ شەپقەتنىڭ،
مېنى قىزى يوقكەنغۇ، دەپ قالماڭلار يەنە.

## دان

### لى خۇەنجىڭ

كۆچلۈك شامال سوقۇپ ئۆتكەن چاغدا ئەتراپنى،
يېتىلمىگەن پۇچەك داننى كېتەر ئۇچۇرۇپ،
قالار پىشقان تولۇق دانلار يەردە ئېچىلىپ،
بەزىسىنى قۇش تېرىپ يەر، ھۇزۇرلار سۈرۈپ.

مەن بىر تال دان، قۇشلار مېنى تاپالماي قالغان،
يېتىۋېرىش ئۇيات ماڭا تۇپراق ئاستىدا.
يىراقتىمەن تەنگە خەتەر زىيانلىق ئىشتىن،
كۆكلەش چەكسىز بوشلۇق ئىچرە ئارماندۇر ماڭا.

مۇبادا مەن چېچەكلىسەم، ئۇ چېچەك — بەخت،
مۇبادا دان تۇتسام، ئۇ دان — ئەبەدىيلىكتۇر.
چۈنكى، شامال قالدۇرىدۇ شامالدىن نەسىل،
ئۇچار قۇشلار بولسا قۇشتىن ئەۋلاد يېلمۇيىل.

بىخ سۈرگەندە بىر تال دان بۇ تۇپراق ئىچىدە،
ئاندىن مەڭگۈ ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ ـ دە!

## پاشنامغا چاپلاشقان لاي...

### فېڭ يەنيەن

نەچچە ئون يىل يىراقتىكى يۇرتۇمغا بېرىپ،
ئاتا ـ بوۋام قەبرىسىنى يوقلىغان چاغدا؛
پاشنامغا چاپلاشقان لاي(سەزمەي قاپتىمەن)
يول يۈرسەممۇ ئۇياق ـ بۇياق دوقۇرۇپ يەنە؛
مېنىڭ بىلەن بىللە ئۆيگە كېلىپتۇ مانا.
بەتنىكەمنىڭ پاشنىسى يۇقتۇرغان شۇ لاي،
مەۋجۇتلۇقىنى قىلىپ ئايان سۆزلىدى ماڭا.

دېدى: ـ بەزى ساپ مۇھەببەت كەتمەيدۇ يىراق،
يېنىڭدا ئۇ، سالمىساڭمۇ داۋراڭنى كۆپلەپ.
بىلىنىسمۇ شۇنچە يۇزە، ئادەتتىكىچە،
قايىنار مېھىر ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ ھەسسىلەپ!

## ئەسلەيمەن سېغىنىپ كونا بېيجىڭنى

### بەي گۈاڭ

ئاختۇرىمەن ھەممە يەرنى بىر ـ بىرلەپ سوراپ،
تۇخۇمەكنىڭ شاخلىرىدا كۈلگەن چېچەكتىن.
سايرىشىدىن كەچتە قارا چېكەتكىلەرنىڭ،
سېغىنىشلىق ھېسسىم قايناپ ـ تېشىپ يۈرەكتىن.

تاپتىم پەقەت ماشىنىلار قىسىلچىقىدىن،
پەلەككە بوي سوزغان بېتون بىنالاردىن ھەم.
چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئېلىۋاتقان پۇشۇلداپ تىنىپ،
ھازىرقى بۇ بېيجىڭنى مەن، بىلىپ مۆھتەرەم.

شۇنداق، بېيجىڭ يېڭىلىنىپ تۈزۈپتۇ قامەت،
ئۆزگىرىپتۇ تېخىمۇ بوي تارتىپ ئالامەت .
بىراق، كونا بېيجىڭ مېنىڭ ئازادە يۇرتۇم،
سېغىنىمەن شۇڭا ئۇنى ئەسلەپ داۋامەت.

## تېخىمۇ قۇتاتسۇن دەپ بۇ تۇرمۇشنى

### خۇ جۇڭخۇا

ئوتىغۇچنى قويۇپ ئانام، چىغ قالپاقنى ئالدى باشتىن،
ئىلدى كىيىم ئاسقۇغا سۇ بولۇپ كەتكەن يامغۇرلۇقنى؛
نەم چېچىنى سىلكىپ، قاقتى كىيىمىدىن لاينى ئۇرۇپ.
تۈزۈلگەن شىم پۇشقىقىدىن كۆرۈنەتتى ئاۋاق پۇتى،
قالغانتى ئۇ يامغۇردىكى قېرى قۇشنىڭ ئۆزى بولۇپ.
يۆلەندى ئۇ چوڭ ئىشىكنىڭ رېمىغا ئۇن ـ تىنسىز ھالدا،
نەزەر سالدى ئۇدۇلدىكى قوناقزارغا خىيال سۈرۈپ.
يامغۇر يۇيۇپ ئۆتكەن يېشىل مايسىلار شوخ يەلپۈنەتتى،
بوسۇغىدا ئولتۇردى جىم كۆڭلى تىنىپ، مەمنۇن بوۇپ.
ئالقىنىغا تۇكۇرۇپ، چىڭ جۇپلەشتۇردى قوللىرىنى،
پۇتلىرىنى ئېگىپ پەسرەك، ئۇۋۇلىدى تەنلىرىنى.

ئېتىزلىقتىن يانغاندىكى بۇ ئازغىنا بوش ۋاقىتتا،
ئارام ئالدى تامشىپ ئاستا يېرىلغان شۇ لەۋلىرىنى.
ئارزۇلارنى مېۋىلىتىپ، چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرۇپ،
ئىشلەشلىرى ئۇنىڭ شۇنداق بىز ئۇچۇنغۇ مەزمۇت تۇرۇپ؟!

## قۇشقاچ تراگېدىيىسى

### شاۋچاۋ

بۇغداي تېرىش پەيتى يېتىپ كەلگەن كۇنلەردە،
چۇرۇق ـ چۇرۇق سايراپ قۇشقاچ كەتتى خۇش بولۇپ.
كۆرۈپ كەڭرى ئېتىزلارغا چاچقان ئۇرۇقنى،
كېلىپ يېدى ئۇزۇق قىلىپ، هۇزۇرلار سۇرۇپ.

سېزەلمىدى، دېهقانچىلىق دورىسى بىلەن
بۇ ئۇرۇقلار دورىلىنىپ چېچىلغان ئىدى.
يېدى، ئۆلدى، ئىسسىق باسقان، تەملىك بىلىنگەن —
شۇ ئۇزۇقتا ئەجەل سۇيى قوشۇلغان ئىدى.

## فېك شۇيلياڭ يېزىسىدا

### يۈ باۋجۇڭ

هايات سىرى ۋىل ـ ۋىل يانغان چىراغتەك گويا،
فېڭ شۇيلياڭدا هاسىل قىلدى سىرلىق ئوردىنى.
تۇنجى قېتىم چۆمۇلدى ئۇ يوپيورۇق نۇرغا،
ئاڭا قاراپ ئەسلىدىم مەن ياشلىق دەۋرىمنى.

باش باهاردەك كىرىپ هەيۋەت دەرۋازىسىدىن —
ئويغا چۆكتۇم، ئاشۇ چاغدا ئەجدىها تۇتېم —
پانۇسلىرى يورۇتقانتى كېچىنى غىل ـ پال،
(مۇڭلىنىمەن گەر ئەسلىسەم بۇنى هەر قېتىم).

سۇ يورۇغان چىراغ نۇرى تۆكۈلگەن ياشتەك،
كۆڭۈل يېرىم، شۇمشەيگەنتۇق، ئۇچاتتى شامال.
كىم بىلىدۇ ئۇ يوشۇرغان مۇقەددەس سىرنى...
سېغىنىمەن يۇرتنى، ئىشقىم يانىدۇ يال ـ يال.

يۇرتۇمدا مەن، ئۇمىد ۋىل ـ ۋىل يانغان چىراغتەك،
قۇياش ۋۇجۇد ئالىمىدىن ئۆرلىدى بالقىپ.



بولمىساقمۇ هازىرچە باي، ئەمما كۆللىنىش ـ
بىزگە قۇچاق ئاچار جەزمەن سۇبهىدەك بالقىپ.

## قانچە يازسام شۇنچە غۇۋا، ئاي نۇرى...

### جاڭ پىڭ

قانچە يازسام شۇنچە غۇۋا، پەقەت ئاي نۇرى —
پالىلدايدۇ ئېگىز كۆكتە خىرە نۇر چېچىپ.
ئورماندىكى چىغىر يولدا يۇرىمەن ئاستا،
يازسام باشقا بىر بۇلۇڭنى نەزمەمگە قېتىپ؛
بىلىنىدۇ ئۇمۇ غۇۋا كۆزۈمگە مېنىڭ،
ئېگىز ـ ئېگىز قاشالاردىن ئۆتىمەن چېپىپ.
قوزىلىرىم، ئەي خەۋەرچى ئاپئاق كەپتىرىم،
قانچە يازسام سىلەرنى مەن، غۇۋا يازغىنىم.

چىكىش ئىشقا ئايلىنىشى كىچىك بىر ئىشنىڭ —
گويا باهار ئاخىرىدا يانغان نۇر چىراق.
قانچە يازسام، پەلەمپەيلەر شۇنچىلىك خىرە،
قەدەملەرنىڭ سادالىرى رىتىمسىز، يىراق.
چاڭ كەلتۇرۇپ تاغنى، مەرەپ تاقلار قوزىلار،
ئاۋاز بىلەن سايىسى تەڭ بارار كىچىكلەپ.
مانا شۇنداق ئۇپراپ، قېرىپ كېتىپ هالىدىن —
كۆز يۇمسا گەر بىرسى هايات هەسسىسى تۆگەپ؛
ئاچار بىرسى تۇرمۇشقا كەڭ قۇچاق يىراقتىن،
قانچە يازسام، بۇ بەك بۇ غۇۋا بىلىنەر ئەجەب،
ئېھ، ئاي نۇرى! بۇ نېمە ئىش، زادى نېمە گەپ؟

## كۆچۈشمەكتە قارلىغاچلار

### سەي چىغا

قارلىغاچلار پەسلەپ ئۇچۇپ، ئۆرلەپ ـ هالقىپ دەرەخلەردىن،
كۆرۈپ قالدى بىر چاڭگىنى چۇرۇقلاشتى خۇشال بولۇپ.
پىسەن قىلماي يامغۇرلارغا، قىلدى پەرۋاز قانات كېرىپ،
قونۇش ئۇچۇن شۇ چاڭگىغا ئۇرغۇپ روهى كۆچكە تولۇپ.
كۆزمۇ كېتىپ، باهار كېلىپ ئۆتكۈزۈشتى باشلىرىدىن
بىر قېتىملىق كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇش پۇرسىتىنى.
قارلىغاچلار، سىلەرگە بەك مەستلىكىم كېلەر مېنىڭ،

چۈنكى «ئۆتنە ئالمايسىلەر قوناق بىلەن ئاق كۈرۈچنى.
ئويلايسىلەر پېشايۋاندىن بىر يەر ئۆتنە ئېلىپ پەقەت —
چاڭگا ياساپ ئۇرۇنلىشىپ غەمسىز ھايات كەچۈرۈشنى.»

## كىشىلىك ھايات

لىن شۇ

باھاردىكى شامال پۈتتى يوپۇرماققا ئىسمىنى،
كۆز شاملى قويدى ئىمزا غازاڭ بولۇپ چۈشتى دەپ.
بىر ۋاراققا يېزىلغىنى تۇغۇلۇشىنىڭ ئېلانى،
يەنە بىرگە پۈتۈلگىنى بولسا ماتەم قوشىقى،
دېمەك ھايات مانا شۇنداق ئاددىي، نازۇك، سىرلىق زەپ.

## شېئىر

گاۋجىجۈن

ئۇ مىسالى زۇلمەتتىكى نۇرلۇق چىراغ،
ئىنسان قەلبى قاتلىرىدا پارلاپ يانغان.
نۇرلاندۇرۇپ قۇرۇق، خۇنۇك ئۆي – خىيالىنى،
مۇزلىغان تەن، روھقا قايتا بەرگەن كۈچ، قان.
ئىسسىقتى پۇت – قوللىرىمنى تەپتى بىلەن،
قۇرۇق شۆھرەت، ھەۋەسنى يوق قىلدى مەندىن.
پېشانەمنى سىلاپ دېدى ئاستاغىنە:
«كەلدىم شائىر سوراي دەپ مەن ئەھۋال سەندىن.»

## تېمىسىز

ۋاڭ خۇگفاڭ

خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى، يەنىلا سەن —
«ئۇنتۇش» ئاتلىق ئىشنى مەشىق قىلماقتىسەن.
نەق ھەم دىمىق تۇرالغۇدىن چىقىپ سىرتقا،
ھەريان كېزىپ ئەركىن، ئاپتاپسىنماقتىسەن.
قارىساڭمۇ دىققىتىڭنى بۇراپ چەتكە،
«ئۇنتۇلغان چاغ» خىيالىڭدىن كەتمەس پەقەت.
شىرىق – شىرىق ئېقىپ ئۇلار سەن تىكلىگەن —
تام ئۈستىدىن كەلمەكتە بۇ ياققا ھەيۋەت.

## بۆلۈنگەن شوللار

خې نۇي

ئاخىرقى يوپۇرماق چۈشتى ئۈزۈلۈپ،
كۆز قەلبى شۇ ھامان سەكپارە بولدى.
ئۇچۇرۇپ شۇۋىرغان كۆلەڭگىسىنى،
بىر پەستە بىر دۆۋە قار قىلىپ قويدى.
ئاخىرقى قېتىمدا چۈشكەن ياپراقنى،
كۆردى كۈن، ئالدى – دە، زېمىندىن تېرىپ.
يېرىمى «ئەسلەش» تى بۇ يوپۇرماقنىڭ،
يېرىمى يىلتىزنى ئىزدەر ئىنتىلىپ؛
سۇنسىمۇ ئۇ پۈتۈن بولۇر بىرىكىپ.

## سېغىنىش

لى جيەنخۇا

قەبرەڭنى قويۇق قار كېتىپتۇ قاپلاپ،
سەن جەزمەن سوغۇقتا كەتتىڭغۇ توڭلاپ.
ئۇ دۇنيا ئۆيلىرى مۇندىن يىراقتا،
ئەپكەتتى رەھىمسىز ۋاقىت ئۆمرۈڭنى؛
قانداقمۇ تۇرالاي ئەسلىمەي چىداپ؟

يېگانە سېغىنىش تۇيغۇلىرىمنى،
قەبرەڭنىڭ ئالدىغا ئۆستۈردۈم تېرىپ.
كۆكەرسە بىر دەرەخ چۈنكى چۆلدىمۇ —
ھاياتلىق ئىزناسى چاقنايدۇ يېنىپ.

ئامرىقىم، تۈن كېچە قوتانلاشقان ئاي،
نەدىندۇر بىر ئاۋاز ئاڭلاندى بوشراق.
تاقالدى بىر نەرسە، يوقىدى بۇ ئۈن،
ھۆكۈمران زېمىندا جىمجىتلىق، بىراق.
قەبرەڭنىڭ ئالدىمۇ تىمتاس، ۋە لېكىن —
بېشىڭدا تۇردۇم مەن، مۇڭۇمنى ئېيتىپ.
جۇدالىق ياشلىرىم ئەسلىمەم بىلەن
قەبرەڭنىڭ تېشىغا قۇيۇلدى ئېقىپ.

(«شېئىرىيەت» ژۇرنىلىنىڭ 2006 – يىللىق 8 – سانىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: **قەيسەر قەييۇم**

# چۈمپەردە






**جياڭ تيېجۈن**

**كامالجان تالىپ تەرجىمىسى**

— بىر ئۇبدان دوختۇرلۇقۇڭنى قىلماي، نەدىكى بىر پىسخىك مەسلىھەت بېرىش دېگەن ئىشنى قىلمەن دەپ يۈرسەن، — دېدى باش دىرېكتور لىن يۇ ئەتىگەنلىك ناشتىدا قىزى لىن شياۋخۇيگە تەنبىھ بېرىپ، — بۇنىمۇ كەسىپ دېگىلى بولامدۇ؟ مېنىڭچە پىسخىك مەسلىھەت سورىغىلى كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى روھىي كېسەللەر، ياكى بولمىسا روھىي گادايلار، بۇ يەر چەت ئەل ئەمەس، بۇ كەسىپنىڭ شۇغۇللانغۇچىلىكى يوق!

— دېگىنىڭىز توغرا بولمىدى، — دېدى لىن شياۋخۇي رەددىيە بېرىپ، — نۇرغۇن كىشىلەر، ئائىلىي سۆيگىنىدىن ئايرىلىپ قالغانلارنىڭ قەلبىدە جاراھەت ئىزى قالىدۇ، ئۇلار بىلەن پىكىرلىشىپ يېتەكلىسەك، بەلكىم قىڭغىر يولدا ماڭماسلىقى مۇمكىن. خۇددى مەن ئىككى كۈن ئىلگىرى كۈتۈۋالغان بىر قىزغا ئوخشاش، ئۇ ئۆزىنىڭ رەھبىرى بىلەن بىر نەچچە يىل ئارىلىشىپتۇ، ھېسسىيات جەھەتتە ئادا _ جۇدا بولاي دېسە تېخى، شۇنداق كېتىۋېرەي دېسە تېخى، ناھايىتى ئازابلىنىپتۇ، باشقىلارنىڭ يېتەكلىشى ۋە ياردىمىگە بەكمۇ موھتاج ئىكەن. سىز مېنىڭ خىزمىتىمنى ئەھمىيىتى يوق دېيەلەمسىز؟

— ھازىر بۇنداق قىزلار بەكلا كۆپىيىپ كەتتى، ئاشۇنداق يۈزى قېلىن رەھبەرلەرمۇ ئاز ئەمەس، — دېدى لىن يۇ پەرۋايىغا ئالمىغان قىياپەتتە دىمىغىنى قىقىلىپ قويۇپ، — ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، خىزمەت ئورنۇمدا مۇشۇنداق ئادەم بولىدىغان بولسا، مەن ئۇنى قاتتىق تەنقىد قىلغان بولاتتىم. ئۇلارنىڭ رەھبەرلەر بىلەن ئارىلىشىشى نەپ ئېلىش ئۈچۈن، مەن ئۇلارنىڭ سۈيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرغۇزاتتىممۇ؟

— دادا، رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى سىزدەك بولىدىغان بولسا ياخشى بولاتتى ئەمەسمۇ؟ — دېدى لىن شياۋخۇي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن دېموكراتىيىگە ئەھمىيەت بېرىدمەن، مېنىڭ بايامقى پىكرىمنى ئوبدانراق ئويلىنىپ باققىن، — دېدى لىن يۇمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن ئەتە سىزگە جاۋابىنى بېرەي، — دېدى لىن شياۋخۇي بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ.

— بولىدۇ، — لىن يۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ خىزمەت سومكىسىنى ئالدى، سىرتتا پېكاپى ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى.

لىن شياۋخۇي ئەمدىلا ئۇستەل ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا، ئىككى كۈن ئىلگىرى مەسلىھەت سورىغىلى كەلگەن ھېلىقى قىز

بۈگۈن يەنە كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغلىغىنىدىن قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەنىدى.

— ئويلاشتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى لىن شياۋخۇي، — قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىڭ، بۇ خىل ئادەملەر ئېغىزدىلا ھە دەپ قويىدۇ، كۆڭۈلنى خۇش قىلىسلا بولدى، بۇنى راست دەپ قالماڭ.

— ئەمما تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ يەنە مېنى ئىزلەپ كەپتۇ، ئايالىدىن ئاجرىشىپ مېنى ئالىمەن دەيدۇ، — دېدى قىز بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ.

— ئەگەر ئۇ سىزنى چىن كۆڭلىدىن سۆيىدىغان بولسا، بىر نەچچە يىل كەينىگە سۆرەپ يۈرمىگەن بولاتتى، سىز نېمانچە ئەخمەق! بۇ خىل ئەرلەر ھوقۇق بىلەن ئايالىدىن ھەرگىزمۇ كېچەلمەيدۇ...ـــ ..... دېدى لىن شياۋخۇي بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ.

لىن شياۋخۇي قىزچاقنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چىن دىلىدىن سىرداشتى...

ئىككى سائەتتىن كېيىن، قىز ئاخىرى لىن شياۋخۇيغا قايىل بولدى.

— مەن ئەسلىدە ئۇنىڭغا تايىنىپ يېزا نوپۇسىنى شەھەر نوپۇسى قىلىپ يۆتكىۋالماقچى ئىدىم، ئۇمۇ قوشۇلغان، — دېدى قىز چاپىنىنىڭ پېشىنى ئويناپ تۇرۇپ، — ھازىر سىزنىڭ تەھلىلىڭىز ئارقىلىق مەن چۈشىنىپ يەتتىم، ئۇ مېنىڭ موھتاجلىقىمدىن پايدىلىنىپ مېنى كولدۇرلىتىۋېتىپتۇ...

— چۈشەنگەن بولسىڭىزلا ياخشى، ئىشنى ھازىر يىغىشتۇرسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز، — دېدى لىن شياۋخۇي بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ.

— ئۇنداقتا مەن ئۇنىڭ قېشىغا قايتماي، بىر يۇرتلۇقۇم ماڭا خىزمەت تېپىپ بەرگەندى، — دېدى قىز.

— ئۇنداقتا ياخشى! سىزنىڭ بۇ قەدەمنى باتۇرلۇق بىلەن باسقانلىقىڭىزنى تەبرىكلەيمەن، — دېدى لىن شياۋخۇي كۈلۈپ تۇرۇپ.

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى ـ يۇ، ئەمما ئىشىك ئالدىغا بېرىپ يەنە توختاپ قالدى.

— ئۇنىڭغا خوش دېمەي كېتىپ قالسام ئانچە ياخشى بولمىغۇدەك، ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشكۈممۇ يوق. لىن دوختۇر، سىز مېنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ كەتكەنلىكىمنى ئېيتىپ قويالارسىزمۇ؟ — دېدى قىز.

— بولىدۇ، — دېدى لىن شياۋخۇي شۇئانلا قوشۇلۇپ.

قىز يانچۇقىدىن بىر پارچە ئىسىم كارتوچكىسىنى چىقىرىپ لىن شياۋخۇيغا ئۇزاتتى، ئىسىم كارتوچكىسى ئۈستىگە:

شىندا سودا ـ سانائەت شىركىتى باش دىرېكتور لىن يۇ ـ دەپ بېسىلغانىدى.

«ھېكايىلەر دۇنياسى» ژۇرنىلى ئومۇمىي 298 ـ سان

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇزەپپەر پولات**

(بېشى 53 ـ بەتتە)

ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتسا ئاڭلا سېنى كەچۈرۈۋېتىمەن.

خوتۇنى ئېرىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بۇ ئىش توپەيلى ئېرى بىلەن ئارازلىشىپ، بىر چىرايلىق ئۆيىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى خالىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن يالغاننى توقۇپ، بىر ئەر خىزمەتدىشىنىڭ ئۆيگە كەلگەنلىكىنى، بىردەم ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكا چېكىپلا ماڭغانلىقىنى، ئېرىنىڭ گۇمان قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇلارنى ئاڭلاپ ئېرىنىڭ چىرايىدا غەلىبە كۈلكىسى ئەكس ئەتتى.

— مۇشۇنچىلىك ئىش ئىكەنغۇ، بالدۇرراق دېسەڭلا بولمامدىمۇ. مەن ئاشۇنداق ئىچى تارلاردىنما؟

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ئاجرىشىش خېتىنى يىرتىپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتتى. ئاندىن خوتۇننى باغرىغا باستى.

شۇ تاپتا يۈخىغا ئېرىنىڭ باغرى مۇزدەك بىلىندى. سوغۇقلۇقتىن پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ئازابلىنىپ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى، كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشتى.

(«مىكرو ھېكايىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىم ئايلىق سانىدىن)

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇزەپپەر پولات**

# ئىمزا



**يۈلىن**

**كامالجان تالىپ تەرجىمىسى**

سۇن لىي ئەمدىلا ئىدارىنىڭ تەشۋىقات باشقارمىسىغا تەقسىم قىلىنغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ بىر پارچە خەۋەر يېزىپ گېزىتخانىغا بەرگەنىدى. مۇھەررىر كۆرگەندىن كېيىن خەۋەرنىڭ يامان ئەمەس يېزىلغانلىقىنى، ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى، ئەمما خەۋەرنىڭ چىنلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سۇن لىينىڭ ئالدى بىلەن بۇ خەۋەرگە ئىمزا قويغۇزۇپ، تامغا باستۇرۇپ كېلىشىنى ئېيتتى.

سۇن لىي خىزمەت ئورنىغا قايتىپ، ئورگىنالنى ئېلىپ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لويىمىڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— لو بۆلۈم باشلىقى، مەن يېقىندا مەشىق تەرىقىسىدە خەۋەر يېزىپ باققانىدىم، كۆرۈپ بەرگەن بولسىڭىز! — دېدى كەمتەرلىك بىلەن.

— ھە، سىزمۇ خەۋەر يېزىپسىز - دە! — ئۇ شۇنداق دېگەچ سۇن لىي ئۇزاتقان ئورگىنالنى ئېلىپ ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرۈشكە باشلىدى. تېخى قەلىمى بىلەن ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى ئۆزگەرتىپ قويدى. كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن:

— يامان ئەمەس يېزىپسىز، ئەمما مۇۋاپىق بولمىغان بىر نەچچە يېرىنى ئۆزگەرتىپ قويدۇم، — دېدى لويىمىڭ سۇن لىيگە.

سۇن لىي خەۋەرگە كۆز يۈگۈرتىۋىدى، چوڭ ئۆزگىرىش بايقىمىدى، پەقەتلا «ناھايىتى» نى «ئىنتايىن» غا، «گەۋدىلىك» نى «كۆرۈنەرلىك» كە ئۆزگەرتكەنىدى، ئۇندىن باشقا يەنە سۇن لىينىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا «لويىمىڭ» دېگەن ئىسمنى قوشۇپ قويغانىدى.

— خەۋەرنى جاڭ باشقارما باشلىقى كۆزدىن كەچۈرۈپ باقسۇن، يەنە قانداق كەم قالغان جايلىرى باركىن، — دېدى لويىمىڭ توساتتىنلا بىرەر ئىش خىيالىدىن ئۆتكەندەك بولۇپ.

لويىمىڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان سۇن لىي خەۋەرنى ئېلىپ جاڭ باشقارما باشلىقىنىڭ قېشىغا كەلدى.

جاڭ باشقارما باشلىقى خەۋەرنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر نەچچە سۆزنى ئانچە - مۇنچە ئۆزگەرتىپ قويدى، «سەككىز» نى «8» گە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن «جاڭ چىڭخەي» دەپ ئىمزا قويدى. بۇلارنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن:

— بىزنىڭ تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ ماقالىلىرىنى ئەڭ ئاخىردا لى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بېكىتىدۇ. بۇ خەۋەرنى لى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قاراپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن تامغا بېسىشقا بولىدۇ. سۇن لىي يېڭى كەلگەن، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ئۇنى تونۇمايدۇ، بۇ خەۋەرنى لى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىغا سىز ئاپىرىپ بېرىڭ! — دېدى جاڭ باشقارما باشلىقى لويىمىڭغا.

لويىمىڭ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ سۇن لېي يازغان خەۋەرنى ئېلىپ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

لى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى سۇن لېي يازغان خەۋەرنى قولىغا ئېلىپ، كۆزەينىكىنى تاقاپ، بىر تەرەپتىن كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن قەلىمى بىلەن ئۆچۈرۈپ ئۆزگەرتىشكە باشلىدى.

لويىمىڭ لى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ چىرايىنىڭ تويۇقسىز ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆردى.

— سىلەرنىڭ باشقارمىدىكىلەر ماقالە يازغاندا ھەر قېتىم مۇشۇنداق قىلامسىلەر، بىر ئادەم يازغانلىقى ئېنىق نەچچە يۈز خەتلىك كىچىك يازمىنىمۇ، بىر نەچچە كىشى ئىمزا قويغىنى قويغان. مەن گېزىتخانىغا يىغىن ئاچقىلى بارغاندا، مۇھەررىرلەر بۇ مەسىلىنى بىر نەچچە قېتىم ئېيتقان. بۇ قېتىم يەنە شۇنداق قىلىپسىلەر، «سۇن لېي» نىڭ كىملىكىنى بىلمىدىم، ئۇنىمۇ قوشۇپ قويۇپسىلەر، مېنىڭچە، جەزمەن ئۆچۈرۈۋېتىش كېرەك... — دېدى لى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ناخۇشلۇق بىلەن.

لويىمىڭ بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆتۈرۈۋىدى، خەۋەرنىڭ ئىمزا قويىدىغان يېرىدە «لى جيەن» دېگەن ئىسمىنىڭ يېزىلىپ، «سۇن لېي» دىگەن ئىسمىنىڭ قىزىل چەمبىرەك ئىچىگە ئېلىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى...

(«ھېكايىلەر دۇنياسى» ژۇرنىلى ئومۇمىي 298 ـ سانىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: **مۇزەپپەر پولات**

ئامېرىكىلىق داڭلىق پسىخولوگ، دوكتور تۇمان.ل.تۇۋېرى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق تەتقىقاتى، خاس كۆزىتىش ئۇقتىسىدىن پۈتكەن «بۆرىنىڭ پاراستى» ناملىق كىتاب يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. مەزكۇر كىتاب تەبىئەتنىڭ ئەركىسى بۆرە بىلەن ئادەمنى، سىرلىق بۆرىلەر توپى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنى سېلىشتۇرۇپ، بىز خېلىدىن بېرى ئۇنتۇغان ئۆملۈك، ساداقەت، ئىرادە ۋە پېشۋالارنى ھۆرمەتلەشتەك ئېسىل ئەنئەنىلەرنى ئەسلىتىش ئارقىلىق، مەنىۋىيىتىمىزنى پاكلاشتۇرۇپ، ئادىمىيلىكتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ۋە ئىشلارنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ بەرگەن.



# ئۈچ نامرات

سۈن يۇڭ

ئابلىمىت ئابلەت تەرجىمىسى

مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر خىل ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمەن، كۆرگەن – ئاڭلىغانلىرىمنى خاتىرىلەپ يىلىغا نەچچە دەپتەرنى توشقۇزىمەن. ھەر قېتىم يازغان خاتىرەمگە ئاساسەن ماقالەمنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى قايتا كۆرىمەن. بىر قېتىم بىكارچىلىقتا بىر خاتىرە دەپتەرنى قولۇمغا ئالدىم، ئۈچ كەمبەغەل توغرىسىدا يېزىلغان ۋەقە كۆزۈمگە چۈشتى. شۇنداق توغرا كېلىپ قالغان ئىدىكى، ئۇلار دېھقان، ئىشچى ۋە ئوقۇغۇچى قاتارلىق ئوخشىمىغان ئۈچ ئىجتىمائىي توپقا تەۋە كىشىلەر ئىدى.

ئالدى بىلەن بىرىنچى ھېكايىنى سۆزلەي: ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ كۈنى مەن بىر دوختۇرخانىدا زىيارەتتە بولۇۋاتقانىدىم. زىيارىتىمنىڭ مەزمۇنى دوختۇرخانىنىڭ قانداق قىلىپ بىمارلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتكەنلىكى توغرىسىدا ئىدى. تارغىنە، ئالتە كارىۋاتلىق ياتاقتىكى بىر بىمار مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى. بىمار ياشانغان دېھقان بولۇپ، ئۆڭى قارا، ئالقانلىرى يېرىلىپ كەتكەنىدى. مېنى جەلپ قىلغىنى، بىمارنىڭ كارىۋىتى بېشىغا قويۇلغان خىمىيىۋى ئوغۇت خالتىسى بىلەن ئۇنىڭ قولىدىكى تاتلىقياڭيۇ بولدى. دېھقاننىڭ ياداڭغۇ چىرايىدىن ئۇنىڭ تاتلىقياڭيۇ بىلەن جان ساقلاۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. كارىۋات بېشىدىكى تومپۇچكا ئۈستىدە بىر خالتا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. خالتىدا يەتتە – سەككىز تاتلىقياڭيۇ بار ئىدى. مېنىڭ بىمارنىڭ يېنىغا ماڭغانلىقىمنى كۆرۈپ، دوختۇرلار ماڭا ئەھۋالنى چۈشەندۈردى: ئۇ بۇ يەرگە 50 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان غەربىي جەنۇبتىكى تاغلىق رايوندىن كەلگەن، ئېغىر گىموروي بولۇپ قالغان بىمار ئىكەن. بۇ يىل چوشقا ساتقان پۇلغا ئۆتكەن يىلدىكى چوشقا ساتقان پۇلنى قوشۇپ، نەچچە يۈز يۈەن پۇل بىلەن دوختۇرخانىغا داۋالىنىشقا كەلگەنىكەن. ئۇ چىقىمنى مۇمكىنقەدەر تېجەش ئۈچۈن، ئوپېراتسىيە كارىۋىتىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۆيدە بىر قازان تاتلىقياڭيۇ پىشۇرۇپ ئالغاچ كەلگەنىكەن. خالتىدىكى تاتلىقياڭيۇ ئۇنىڭ كۈنلۈك ئوزۇقى ئىكەن. ياشانغان دېھقاننىڭ شەھەردە ھېچقانداق ئۇرۇق – تۇغقىنى بولمىغاچقا، ھېچكىممۇ ئۇنى يوقلاپ كەلمەيتتى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا گۈل، كونسېرۋا، يېمەكلىكلەرنى تېخىمۇ ئەكەلمەيتتى. ئۇزۇن يىللىق چىدىغۇسىز ئاغرىقنى داۋالاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنلىكتىن بىمارنىڭ چىرايىدىن ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئازادىلىك چىقىپ

تۇراتتى. مەن دوختۇرلارنىڭ كېيىن يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى بىلمىگەن بولسامۇ، ياشانغان بىمارنىڭ كارىۋاتتا يېتىپ تاتلىقىياگىيۇ يەۋاتقان كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. مەن بىمارنىڭ تەلتۆكۈس ساقىيىپ كېتىشى ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن پۇل كېتىدىغانلىقىنى، بوۋاينىڭ ھەرقانچە قىلسىمۇ تەلتۆكۈس ساقىيىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم. كۆپ يىللىق زىيارەت جەريانىدا، دېھقانلارنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش جەبىر ـ جاپالىق كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى تالاي قېتىم كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەن بولغاچقا، كۆڭلۈمدە تىل بىلەن ئىپادە قىلىش تەس بولغان يوشۇرۇن ئازاب تۇيغۇسى بار ئىدى.

ئىككىنچى ھېكايە بىر زاۋۇتتا يۈز بەرگەنىدى. زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغىلى ئۇزۇن بولغاچقا، ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتسىز قالغانىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بەزىلەرنىڭ زاۋۇتنىڭ سېخ ـ ئەسلىھەلىرىگە كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى ئىجارە ئالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئىشچىلار قايتىدىن ئىش ئورنىغا چىققان، لېكىن ئىش ھەققى تۆۋەن ئىدى. بىر كۈنى چۈشتە، دەرۋازىۋەن بىر ئايال ئىشچىنىڭ بىر خالتىنى كۆتۈرگىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغىنىنى كۆرۈپ ئۇنى توسۇۋالغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق خالتا ئىچىدىكىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ كېرەكسىز سۇلياۋ تاغار ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. بۇلار گەرچە كېرەكسىز نەرسە بولسىمۇ، يەنىلا شىركەتكە تەۋە ئىدى. يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ سوراش ئارقىلىق، بۇ ئايال ئىشچىنىڭ ھەر كۈنى چۈشتە سېختىن ئاشۇنداق سۇلياۋ خالتىلارنى يىغىپ ئاچىقىپ، ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى سېتىۋېلىش پۇنكىتىغا ئاپىرىپ ساتقان نەچچە مو پۇلغا ئىككى موما ئېلىپ يەيدىغانلىقى مەلۇم بولغان. ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغىنى شۇ ئىدىكى، ئايال ئىشچى ئادەت كۆرگەندە ئەرزان باھالىق تازىلىق قەغىزى سېتىۋېلىشقىمۇ قۇربى يەتمىگەچكە كونا گېزىتلەرنى ئىشلەتكەن. بۇ ھەقىقىي ۋەقە پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

ئۈچىنچى ھېكايە مەن ئاڭلىغان بىر ۋەقە بولۇپ، زىيارەت خاتىرەمگە يېزىۋالغانىدىم. كېيىنچە بۇ ھېكايىنىڭ «يالغان» لىقى ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا ئۇنىڭ راستلىقىغا، شۇنداقلا ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا، پەقەت بىزنىڭ ئۇنى بايقىمىغانلىقىمىزغا قەتئىي ئىشىنەتتىم. چۈنكى بىز بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەن، كۆرمىگەنلىرىمىز بىزگە قاراڭغۇ ئىدى. بۇ بىر نامرات ستۇدېنتنىڭ ھېكايىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئۇنىڭغا بىر تىيىن چاغلىق تۇرمۇش خىراجىتى ئەۋەتىشكىمۇ ئىلاجسىز قالغانىكەن. ئۇنىڭ كۈنلىرى موھتاجلىق ئىچىدە ئۆتىدىغان بولۇپ، ھەمىشە باشقىلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئاشخانىغا كىرىپ، ئېشىپ قالغان تاماقلار بىلەن قورسىقىنى گوللاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەھۋالنى ساۋاقداشلىرى بىلىپ قاپتۇ ـ دە، مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى ئىئانە قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپتۇ. مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىر كۈندە قالغانلارنىڭ ھامان بىزنىڭ نەزىرىمىزنىڭ سىرتىدا قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئۈچ پارچە خاتىرەمگە ئاساسەن مەن ئۆزۈمگە شۇنداق دېگۈم كەلدى: دۇنيادا نۇرغۇن پۇلدارلار بار، يەنە تالاي ـ تالاي يوقسىزلارمۇ بار.

(«فېلیەتونلار» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق 11 ـ سانىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: **قادىر راخمان**

# بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس



ئاندىرى سمىلياگىن [روسىيە]

ئاينۇرە نەئىم تەرجىمىسى

ئوپېراتسىيە ئىنتايىن جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا.

ـــ ھە، جاراھەتچىگىز ئانچە خەتەرلىك ئەمەس ئىكەن، خاتىرجەم بولۇڭ، ئوق پەقەت كۆكرىكىڭىزنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەمما جان يەرگە تەگمەپتۇ، توغرا، مۇنداقلا سوراپ باقاي، قايسى ھاماقەت سىزگە ئوق ئاتتى؟

ـــ نېمىشقا ھاماقەت دەيسىز؟

ـــ ھاماقەت بولماي، نېمە؟ ئۇنىڭ قارىغا ئېلىش سەۋىيىسى بەك تۆۋەن ئىكەن. مۇشۇنداقمۇ ئوق ئاتقان بارمۇ؟ ئۇ سەل ئېگىزرەك، يەنە سەل سولغىراق ئاتقان بولسا...

ـــ ئىش ناھايىتىمۇ ئاددىي، دوختۇر، ئەسلىي ئىش مۇنداق بولغان، ئالدىنقى كۈنى يېرىم كېچىدە مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان بىر ئايال بىلەن ئەمدىلا بىللە ياتقانىدىم، ئۆيدە ئۇ ئايالدىن باشقا ھېچكىم يوق، مەن قەسەم قىلىمەن، ئۇ ئايالغا مەن تېخى قول تەگكۈزمىگەنىدىم، تۇيۇقسىز، تاراق ـ تۇرۇق قىلىپ ئۇنىڭ ئېرى قايتىپ كىرىپ كەلدى.

ـــ ھە، ئەسلىدە، ئۇنىڭ ئېرى ئاتقان ئىكەندە؟

ـــ قانداق قىلىپ ئۇ بولىدۇ، داۋامىنى ئاڭلىمامسىز، ئۇ ۋاقىتتا مەن دەرھال كارىۋاتتىن چاچراپ قوپۇپ كىيىم كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، بالكوندىن بىراقلا يەرگە سەكرەپ چۈشتۈم، مەن ھېچكىمنىڭ چىشىغا تەگمىگەنىدىم. راستلا، مەن قەسەم قىلىمەن، سىز دەپ بېقىڭە، مۇشۇنداقمۇ ئۇدۇل كېلىپ قېلىش بولامدۇ، مەن گۈپپىدە قىلىپ رايون ساقچىسىنىڭ ئامراق ئىتىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتىمەن.

ـــ ھا، ھا، ئەسلىدە رايون ساقچىسى ئوق ئاتقانىكەندە.

ـــ ئۇنى دەمسىز؟ ئەلۋەتتە شۇ چاغدا ئۇ ئوق ئاتتى، ئەمما بىر پايمۇ تەگكۈزەلمىدى، شۇ

چاغدا مەن ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئورنۇمدىن قوپۇپ، قىپيالىڭاچ پېتى چوڭ كوچىدا كۈچۈمىنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم، يۈگۈرە - يۈگۈرە ئىچىمدە: مەن ھېچكىمگە چېقىلمىغان ئىدىمغۇ، دەپ ئويلىدىم. راستلا، مەن قەسەم قىلاي، لېكىن تۇيۇقسىز پالاق - پۇلۇق قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، كەينىمدە بىرەيلەننىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، كەينىمگە قارىسام، يېقىندا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان شەھۋانىي قاتىل مېنى قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ.

— سىزگە ئوقنى ئۇ ئېتىپتۇمۇ؟

— ياق، بۇ ئەبلەخ پەقەت ماڭا يېتىشۋېلىپ مېنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى، بەختكە يارىشا بۇ ۋاقىتتا بىر توپ موتسىكلىتلىق لوكچەكلەر كېلىپ قالدى، ئۇلار موتسىكلىتى بىلەن تەلۋىلەرچە قوغلىدى. مەن بىلەن ھېلىقى شەھۋانىي قاتىل بار كۈچىمىز بىلەن يۈگۈرۈپ ئۈچ كوچىدىن ئۆتتۇق.

— ئەمىسە، ئۇ ھارامزادىلەر سىزگە ئوق چىقىرىپتۇ - دە.

— ياق، ئۇلار بالىلار، ئۇلار بىمەنە چاقچاق قىلىپ بىزنى قورقۇتۇپ ئويناماقچى. لېكىن ئۇلار موتسىكلىت بىلەن ھېلىقى قاتىلنى باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

— ئەمىسە، زادى كىم سىزگە ئوق ئاتتى؟... — دەپ سورىدى دوختۇر زادىلا چىداپ تۇرالماي.

— ئالدىرىماڭ، گېپىمنى ئاڭلاڭ، شۇ چاغدا مەن يۈگۈرۈپ بىر ماگىزىنغا كىرىۋالدىم. نېمىنى خاتا قىلدىمكىنتاڭ، بىلمىدىم.

كوچىدا يالىڭاچ يۈگۈرۈپ يۈرسەم سەت بولىدۇ دەپ ماگىزىنغا بىرەر كالتە ئىشتان كىيىۋالغىلى كىرگەنىدىم. تۇيۇقسىز ئامانلىق ساقلىغۇچى چىقىپ قالدى.

— ئۇ ئوق چىقاردىمۇ؟

— ياق، ئۇ قايتۇرما زەربە بەرمەكچى ئىكەن، چۈنكى نېمە بولدىكىن بىلمىدىم، ئارقىدىن بىر توپ بۇلاڭچىلار چىقىپ قالدى.

—ھە، ئەسلى ئاشۇ بىر توپ بۇلاڭچىلار ئېتىپتىكەندە، — دەپ دوختۇرنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

— نېمىشقا ئۇلار بولىدۇ؟ ئۇلار قىزدىتىلغان داغمالنى قورسىقىمىزغا نىقتاپ تۇرۇپ بىخەتەرلىك ساندۇقىنىڭ مەخپىي نومۇرىنى ئېيتىپ بەر دەپ تۇرۇۋالدى. مەن زادى كىمنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ھېلىقى ئامانلىق ساقلىغۇچى ھەقىقەتەن يارايدىكەن، ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا مېنىڭ ئۆزى بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم يوقلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بۇلاڭچىلار مېنى قويۇۋەتتى. مەن ئۇ يەردىن يۈگۈرۈپ چىققىنىمدا ئالىي مېھمانسارايدىن چىققان بىر چىرايلىق قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. نېمىدېگەن پېشكەللىك بۇ، مەن ئۇ چاغدا يەنىلا قىپيالىڭاچ ئىدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا تۇيۇقسىز ۋارقىراپ قول سومكىسىدىن بىر تاپانچىنى ئېلىپ ماڭا قارىتىپ ئوق ئاتتى.

— تەگدىمۇ؟

—تەگدى، بىر قېتىملا ئەمەس تېخى، ئەپسۇس، ئۇنىڭ تاپانچىسى گاز تاپانچا ئىكەن، پەقەت ئادەمنى ھوشسىزلاندۇرۇۋېتىدىكەن.

— زادى كىم سىزگە ئوق ئاتتى؟ ھۆ جىن تەگكۈر، زادى كىم سىزنىڭ مەيدىڭىزدىن تۆشۈك ئېچىۋەتتى؟ — دېدى دوختۇر غەزىپىنى باسالماي ئوپېراتسىيە پىچىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ. بىمار كىمنىڭ ئۆزىگە ئوق ئاتقانلىقىنى دېمىسە، دوختۇر بىمارنىڭ مەيدىسىدىن يەنە بىر تۆشۈك ئاچىدىغاندەكلا قىلاتتى.

— ئالدىرىماڭ، ھازىرلا دەيمەن، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن، ھوشۇمغا كەلسەم تاڭ ئاتايلا دەپ قاپتۇ. يالىڭاچ، يۈزلىرىم كۆكەرگەن، گازنىڭ تەسىرىدە كۆزلىرىمنى ئاران ئېچىپ دەلدەڭشىگىنىمچە ئايالىمنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدىم. مەن يەنىلا يالىڭاچ، يۈزلىرىم كۆك، كۆزلىرىمنى ئاچالماي قالغانىدىم. مېنىڭ بىرەرسىنىڭ چىشىغا تېگىش ئويۇم يوق ئىدى، لېكىن قېيناتام مېنى

(ئاخىرى 82 - بەتتە)



# قەدىمكى يۇنان ۋە ياۋروپا مەدەنىيلىكى

## — پەيلاسوپ، يۇنان ئەپسانەشۇناسى ژان پېيېر ۋېلنان بىلەن سۆھبەت

دايۇ

غوجائەخمەت يۇنۇس تەرجىمىسى

هازىرقى ياۋروپا يەر شارىدىكى ئىلغارلىق، ئىلىم-پەن، ئىدىيە، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك قاتارلىق سۆزلەرگە مەنىداش سۆز بولۇپ قالدى. ئەمما، بۇنىڭدىن 500 يىل بۇرۇن ياۋروپالىقلار دۇنيادىكى «ياۋايى هايۋان» دىنلا ئىبارەت ئىدى. ياۋروپا قانداق قىلىپ دۇنيا مەدەنىيلىكىنىڭ چوققىسىغا چىقالىغان؟ مەدەنىيلىكىنىڭ بۇ كاتتا بىناسىغا ئۇل سالغان كىم؟ بىز زامانىمىزدىكى ياۋروپالىق بىر نەچچە ئالىم بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمىزدە، ئۇلار دەسسەپ تۇرغان پەللە قەدىمكى يۇنانلىقلار (گرېكلار)، رىملىقلار، مىسىرلىقلار، ئىبرايىلار (يەھۇدىيلار)، ئەرەبلەر، هىندىلار، جۇڭگولۇقلار... نىڭ ئىكەنلىكىنى، ياۋروپالىقلار هەرخىل مەدەنىيلىكنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، هازىرقى ياۋروپانىڭ «مەدەنىيلىكى» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلىگەنلىكىنى بايقىدۇق. ۋەهالەنكى، بۇ كۆپ مەنبەلىك ئەنئەنىلەرنىڭ ياۋروپادىكى ئورنىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بىز بۇ ئالىملار بىلەن داۋاملىق سۆھبەتلىشىپ، ياۋروپا مەدەنىيلىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن هەر خىل تۈرلەر، هەر خىل پەزىلەتلەرنىڭ نېگىزىنى ئىزدىمەكچىمىز.

ئاتاقلىق يۇنان ئەپسانەشۇناسى ژان پېيېر ۋېلنان (1914-يىلى دۇنياغا كەلگەن) ئۆز نەزىرىدىكى قەدىمكى يۇنان مەدەنىيلىكىنىڭ ياۋروپا مەدەنىيلىكىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى بايان قىلدى. ئۇ 1937-يىلى فرانسىيەدىكى پەلسەپە لېكتورلىق سالاهىيىتى بىرلەشمە ئىمتىهانىدا 1-لىككە ئېرىشكەن. 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە فرانسىيە قارشىلىق كۆرسىتىش هەرىكىتىنىڭ رەهبىرى بولغان، كېيىن فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەشر ئەپكارى «ئازادلىق» گېزىتىگە ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى بولغان. 1975-يىلدىن 1984-يىلغىچە فرانسىيە ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور بولۇپ، قەدىمكى زاماندىكى دىنلارنى سېلىشتۇرۇپ لېكسىيە سۆزلىگەن. ئۇ — هازىرقى دۇنيادا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن يۇنان ئەپسانىلىرى ئالىملىرىدىن بىرى. «يۇنان ئىدىيىسىنىڭ مەنبەسى» ئۇنىڭ تەسىر قوزغىغان تۇنجى ئىلمىي ئەسىرى هېسابلىنىدۇ. جۇڭگولۇق ئالىملار يەنە ئۇنىڭ «قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرى ۋە دىن»، «ئەپسانە بىلەن سىياسىي ئوتتۇرىسىدا» قاتارلىق بىرمۇنچە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

## بىر ئىلاھ ۋە كۆپ ئىلاھ

قەدىمكى زاماندىكى ئادەملەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ھەر بىر ئىش ـ ھەرىكىتىگە دىنىنىڭ تامغىسى بېسىلغان، ئادەملەر مەيلى غىزالانسۇن ياكى سەپەرگە چىقسۇن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەر بىر دەقىقە ئىلاھ دۇنياسىنىڭ كۆلەڭگىسى ئاستىدا بولىدۇ، ئىلاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنىدۇ. ئەمما، يۇنان جەمئىيىتىدە ئادەملەرنى مەلۇم ئالاھىدە ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان دىنىي تەشكىلات بارلىققا كەلگەن ئەمەس، بىر ئىلاھ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئۆزىنى دۇنيادا بىر دەپ ھېسابلايدىغان يەك ئىلاھلىق دىن ئىدىيىسى يۇنان زېمىنىدا يېتىلىپ بىخ سۈرمىگەن. قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسىدىن تارقالغان ھاياتىي كۈچ ئالىملارنىڭ دۇنيا ئۈستىدىكى چوڭقۇر ۋە كەڭ تەپەككۇرىدىن يىلتىز تارتقان، مۇنداق ئىلىم كەيپىياتىمۇ، دەل دىنىنىڭ ئاسارىتىگە ئۇچرىمىغان نەچچە ئەۋلاد يۇنان ئۆلىمالىرىنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئىزدىنىش نىشانى بولغان. قەدىمكى زاماندىكى يۇنان ئالىملىرىنىڭ كاللىسىدا ھېچقانداق دىنىي ئەقىدىنىڭ ئاسارىتى بولمىغان، ئەپلاتون (پلاتون)، ئارىستوتېل، ستوك ئېقىمىدىكىلەر ھەر قايسى ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايرىغان. كۆپ ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىدىغان يۇنان مۇتەپەككۇرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىدىيىۋى ئېلىشىش قىزغىن ۋە كەسكىن داۋام قىلغان بولسىمۇ، بىز ھازىرقى زاماندا تەشەببۇس قىلىۋاتقان «كىشىلىك ھوقۇق»، «مېھرىبانلىق» دېگەن ئۇقۇملار كېيىنكى دەۋرلەردىكى خرىستىئان دىنى (يەك ئىلاھلىق دىن) دا بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى يۇنان جەمئىيىتىدىكى مۇھەببەت ئىدىيىسى بىلەن دەسلەپكى چاغلاردا خرىستىئان دىنىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «مۇھەببەت مەردكىسى» (خرىستىئانلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۇيچە زىياپىتى) ئوتتۇرىسىدا تۈپ پەرق مەۋجۇت.

## ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى

تارىختا بولۇپ ئۆتكەن بىر مەزگىلدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياۋروپالىقلاردا مۇنداق قەتئىي ئىشەنچ بولغان: ھەممە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولىدىغان، ئادەملەردە شەخسىي غەرەز بولمايدىغان، خالىس ـ ئادىل بولغان جەمئىيەت قۇرۇش — بىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن ئورتاق ئارزۇيىمىز. فىزىكا ۋە خىمىيە قاتارلىق تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشىمىزغا ياردەم بەردى، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولدى. ئائىلىۋى، ئىقتىسادىي ساھەدە ئالدىن ئالا ئەتراپلىق پىلان تۈزۈپ، مۆلچەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئېنىقسىز ئامىللارنى ھەر ۋاقىت تەڭشەيمىز. ماركسنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، قاچان بولمىسۇن «زۆرۈرىيەت ئالىمى» (ئادەم شەيئىلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىش) دىن «ئەركىنلىك ئالىمى» (ئادەم دۇنيانى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىدارە قىلىش) گە يۈرۈش قىلىمىز. ئىلگىرى بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. ئەمما، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، «مۆلچەرلىيەلمەي قېلىش» نىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم، ھازىرقى زامان فىزىكا ئىلمىغا «مېخانىكا مەسىلىكىدىكى سەۋەب ـ نەتىجە نەزەرىيىسى» نىڭ چەكلىمىلىكى ئاللىقاچان ئايان بولدى؛ بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز خىلمۇ خىل «تاسادىپىي» لىقلار بىلەن تېخىمۇ تولۇپ كەتتى. يۈز بېرىدىغان ئىش ھامان ئويلىمىغان يېرىمىزدىن چىقىدۇ. پەقەت شۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىنلا، ئۇنى ئىزاھلىغىلى قۇربىمىز يېتىدۇ. ئالىملار يېڭى ئېنېرگىيىنى، يېڭى تېخنىكىلارنى ئۈزلۈكسىز ياراتماقتا، ھازىر بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بۇ تېخنىكىلارنى كەشىپ قىلغۇچىلار ئەينى ۋاقىتتا زادىلا تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان. پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن، ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە باشقىدىن يېزىشقا توغرا

كېلىدۇ. ئۇلار خۇددى ماركسىزمچى پرومې-
تېيدەك دۇنيانىڭ قىياپىتىنى مەڭگۈ ئۆزگەر-
تىدۇ. بىز بۈگۈن قوللانغان بۇ ئوخشىتىش
قەدىمكى يۇنان ئەپسانىسىدىكى پرومېتېيدىن
يەنىلا پەرقلىنىدۇ. يۇنانلىقلاردىكى «تەرەققى-
يات» دېگەن سۆزدە ئىنسانلارنىڭ ئەلمىساق-
تىن ئاۋۋالقى تۇمان ۋە قاراڭغۇلۇقتىن ھالقىپ
ئۆتكەن دەسلەپكى مەزگىلدە، ھايۋانلاردىن
پەرقلەنمەيدىغان باسقۇچتىن مەدەنىي تۇرمۇشقا
يۈرۈش قىلىشتەك سەكرەش (بۆسۈش) كۆزدە
تۇتۇلىدۇ. ئۇ چاغلاردىكى پرومېتېي كونا شەي-
ئىلەرنىڭ ئىنكار قىلىشنى كۆرسەتمەيتتى.

## ئىجتىمائىي توپ

قەدىمكى زاماندىكى يۇنانلىقلار
«پولىس» ①نى بەرپا قىلغان. ئەمما، مۇشۇ
تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان پارادوكس ② شۇ-
كى، پولىسلار قۇدرەت تېپىش بىلەن بىر ۋا-
قىتتا ئاجىزلىشىپمۇ بارغان. ئەمدى ئۇنىڭغا
بىردىنبىر پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلمايدۇ، دە-
رىجىگە ئايرىلغان جەمئىيەت باراۋەر جەمئى-
يەتكە ئورۇن بېرىدۇ، ئادەملەر بىلەن ھوقۇق
مەركىزىنىڭ ئارىلىقى باراۋەر بولىدۇ، ھەممەي-
لەن كۆڭۈلدە نېمە بولسا، شۇنى دەيدۇ. پولى-
سلار جەمئىيىتىنىڭ ماھىيىتى جەمئىيەتنىڭ
بارلىق ئەزالىرىنىڭ ھالاۋەتتىمۇ، جاپادىمۇ بىللە
بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت. قەدىمكى يۇنانلىق-
لار بۇنى ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ھەممىدىن
يۇقىرى مەنزىلى دەپ قارىغان. پولىس مەملى-
كىتىدىكى ئاممىۋى يىغىنلاردا ھەممە ئادەم
ئۆز پىكرىنى بايان قىلغان، شۇنىڭ بىلەن
مۇقەررەر سۈرەتتە، ئومۇمىي خەلقنىڭ پىكرى
بويىچە ھۆكۈم قىلىش تەلىپى ۋۇجۇدقا كەل-
گەن. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، تىغمۇ تىغ تاقابىل
تۇرىدىغان ئىككى خىل پىكىردىن بىرىنى
ئېلىپ، بىرىنى تاشلاش ئىمكانىيىتى تۇغۇل-
غان. شۇنىڭ بىلەن مۇنداق تۈزۈمنىڭ مۇقەر-
رەر نەتىجىسى سۈپىتىدە پولىس ئىككى چوڭ
لاگېرغا بۆلۈنگەن. مۇنداق ئەھۋال بىزگە شۇنى
ئۇقتۇرىدۇكى، دېموكراتىيە دۇنياغا كەلگەن
كۈندىن تارتىپلا، مۇقەررەر سۈرەتتە، ئۆزىنى
ئىنكار قىلىدىغان ئامىلغا ئىگە بولغان.

قەدىمكى يۇنان كېيىنكىلەرگە «ئىجتى-
مائىي توپ» دېگەن ئۇقۇمنى ئىجاد قىلىپ
بېرىپ، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ماھىيىتى
ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئەمەس، بەلكى
سىياسىي ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ
بەرگەن. ھەممەيلەن ئاممىۋى يىغىنلاردا بىر ـ
بىرى بىلەن پاراڭلاشقان، زىياپەتلەردە گەپ
تالىشىپ مۇنازىرىلەشكەن. تۇرمۇشنىڭ پۈتۈن
لەززىتى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز
بولغان بۇ نەرسىلەرگە مەركەزلەشكەن قەدىمكى
زاماندىكى يۇنانلىقلارنىڭ مۇنداق كىشىلىك
ھايات پوزىتسىيىسى ھازىرقى زاماندىكى سۈي-
ئىستېمالچىلىق بىلەن ئەسلا سىغىشالمايدۇ.

قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ كاللىسىدا ھەر
بىر قول ھۈنەرۋەن ئۆز كەسپىدە كامالەتكە
يەتكەن كەسىپ ئەھلى. سەن ئاياغ كىيىم
تىكىشكە ئۇستا بولساڭ، ئۇ قورال ـ ياراغ يا-
ساشقا ماھىر، دەپ قارالغان. ئەمما، مۇشۇنداق
ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىغا تايىنىش ئارقى-
لىقلا جەمئىيەتنى ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.
نەرسىلەر ئۆز خىلىنى تاپقاندىلا، جەمئىيەتنىڭ
ئاساسىنى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. پىفاگوراسنىڭ
سىرلىقلاشتۇرمىلىق نەزەرىيىسى مۇنداق
ئوي ـ پىكىرنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم
بېرىدۇ. پىفاگوراس مۇنداق دەپ ئىزاھلىغان-
دى: ئەينى ۋاقىتتا پرومېتېي بىلەن ئىنىسى
ئوپېموتوس ھاياتلىقنى ياراتقان چاغدا،
تۈرلۈك ـ تۈمەن قىياپەتكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن،
ئارتۇقچىلىق بىلەن كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئوخ-
شىمىغان نىسبەتتە ئۇلارنىڭ بەدىنىگە كىر-

① پولىس ــ قەدىمكى شەھەر دۆلىتى.
② پارادوكس ــ ئومۇمىي تەرەپتىن قوبۇل قىلىنغان پىكىردىن كەسكىن پەرق قىلىدىغان ياكى توغرا، ساغلام پىكىرگە قارىمۇ قارشى بولغان ئۆزىگە خاس پىكىر.

گۈزگەن. ئاكا ـ ئىنى ئىككىيلەن مۇشۇ جەرياندا ھەر خىل ئارتۇقچىلىقلارنى تەگشەشكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆز ئارا تەگپۇڭلۇقنى ساقلاشقا تىرىشقان. ناۋادا بىرەر ھايۋاننىڭ تېنى ساغلام، كۈچى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە زور بولغان بولسا، ئۇنى ئۇچقاندەك تېز يۈگۈرىيەلمەيدىغان قىلىپ قويغان. ناۋادا بىرەر ھايۋاننىڭ ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى بولمىغان بولسا، يا ئۇنىڭغا قانات ئاتا قىلىپ كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرغان، يا ئۇنىڭغا يەلتاپان ئاتا قىلىپ كۈشەندىسىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئاخىرىدا ئىنسانلارنى يارىتىدىغان چاغدا، پرومېتېي بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ قولىدا بىزگە ئاتا قىلغۇدەك ھېچقانداق ئارتۇقچىلىق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت قالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئاسان زەربىگە ئۇچرايدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلار ئۇزاق بالىلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنلا چوڭ بولۇپ ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان بولغان. ئۇلار قاۋۇل بولمىغان، ئىتتىك يۈگۈرەلمىگەن، ئۇلارنىڭ سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يۇڭى بولمىغان، بۇنىڭغا قانداق قىلىش كېرەك؟ پرومېتېي بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئىنسانلاردىكى بۇ تۇغما كەمتۈكلۈكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە ھەر بىر ئادەمگە بىر خىل تېخنىكىنى ئىگىلەتكەن، ئىنسانلار سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا رەخت توقۇش، كىگىز بېسىش ھۈنىرى ئۆگىتىلگەن. ئىنسانلاردا تۆمۈر تاپان بولمىغاچقا، ئۇلارغا ئاياغ كىيىم تىكىش ھۈنىرى ئۆگىتىلگەن... شۇنداق قىلىپ، بىر خىل تېخنىكا بىرلا ئادەمگە ئۆگىتىلگەن. ئۇلارنىڭ ئىشلىگەن مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ تەشكىللىنىپ جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرۈشىگە تۈرتكە بولغان. ئەمما، مۇشۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمىغان. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا خوجا بولۇشنى ياقتۇرغان، نەتىجىدە ھەممەيلەن بىر ـ بىرى بىلەن تالىشىپ، قەدەممۇ قەدەم چوڭ قالايمىقانچىلىق ئىچىگە پېتىپ قېلىپ، ھالاكەتكە يۈزلەنگەن. ئىلاھلارنىڭ ھۆكۈمدارى زېۋس بۇ ئىشلارنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغان. ئۇ بىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ھېرمۇس (ئىلاھلارنىڭ ئەلچىسى ھەم چېگرا، يول، سودا، ئىلمىي كەشپىيات، ناتىقلىق، تەلەي، چېۋەرلىك ئىلاھى) نى ئادەمزات ئارىسىغا چۈشۈرۈپ، بۇ بالايىئاپەتنى توسۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ھېرمۇس ئىنسانلارغا بەخت ـ سائادەت ۋە ئادالەت ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىنسانلار پولىس تۈزۈمىدىكى دۆلەتنى قۇرغان. بۇنىڭدىن تۇرمۇشىمىزنىڭ ئاساسى ئۆزىمىز ئىگىلىگەن قول ھۈنەر ماھارىتىگە تايىنىشلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى، ھەممىلا ئادەم «شان ـ شەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش، ئادىللىققا ئىنتىلىش» تىن ئىبارەت ئورتاق ئېتىقادقا ئىگە بولۇش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**مەدەنىيەت ـ سەنئەت**

ھازىر غەربلىكلەر تاسادىپەن قەدىمكى يۇنانلىقلاردەك تەپەككۇر قىلىپ قالىدۇ. بىز نېمىشقا پەلسەپە ئۆگىنىمىز؟ بىز ئىشقا قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسىدىن تۇتۇش قىلىپ، ئاندىن كېيىن دىككار ۋە سپىنوسا (1632 ~ 1677، گوللاندىيىلىك پەيلاسوپ، ئەقلىيەچىلىكنىڭ ۋەكىلى، ئۇ: ئېدراكقا تايانغاندىلا، ئىشەنچلىك بىلىمگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ) نى تەتقىق قىلىپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى بايقايمىز. ئېستېتىكا ساھەسىدىكى ئەھۋالمۇ مۇشۇنداق. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش دەۋرىدىكى رەسساملىق يۇنان رەسساملىقىنى مەنبە قىلغان. مەزكۇر دەۋرىدە دۇنياغا كەلگەن درامىنىڭ مەنبەسىنىمۇ قەدىمكى يۇنان تراگېدىيىسىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. ئارىدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئۆتۈپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرى

بولمىسا كېرەك. ياش ۋاقتىمدا، بەكلا دۆت بولمىغانلىقى ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن گرېك تىلىنى ئۆگىنەتتى. بىراق، ھازىر قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ ھەممە ئىش ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، بىز قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى ھەققىدىكى تەربىيىنى تۇنجۇقتۇرۇۋەتتۇق. ھازىر بىز تىلغا ئېلىۋاتقان سودىيە، ئادۋوكات، دوختۇر قاتارلىق «جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى» قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنى كۆزگە ئىلمايدۇ. لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى، فىرېئۇھىت ئۆزىنىڭ نەزەرىيىسىگە يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى شەخسلەرنىڭ نامىنى بەرگەن. (مەسىلەن: ئودىپۇس روھىي ھالىتى — ئەرلەرنىڭ ئانىسىنى ياخشى كۆرۈش روھىي ھالىتى)، ئاسترونوملار يېڭى بايقالغان پلانېتلارغا يۇنان ئەپسانىلىرىدىن نام تېپىشنى ياقتۇرىدۇ. مۇنداق ئەھۋال تاسادىپىي ئىش ئەمەس. ئەتىر سودىگىرى بىر خىل يېڭى ئەتىرنى ئىجاد قىلغاندا، مېنى ئىزدەپ كېلىپ، مەندىن ئۆزلىرىگە قەدىمكى يۇناندىكى ئادەملەرنىڭ ئىسمى يېزىلغان تىزىملىكنى يېزىپ بېرىشىمنى ئىلتىماس قىلىدۇ ـ دە، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرەر ئادەم ئىسمىنى تاللاپ، مۇشۇ ئەتىرگە ماركا قىلىدۇ. خېرىدارلار «ھېراكىل» (يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمان، ئۇ تەڭداشسىز كۈچلۈك بولۇپ، 12 خىل قەھرىمانلىق نەتىجىسى ياراتقانلىقى بىلەن نام چىقارغان) ۋە «پېرسېئۇس» (يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى قەھرىمان، ئۇ ئادەم سىياقىدىكى يىلان جادۇگەر مېدۇسانى ئۆلتۈرگەن ھەمدە دېڭىز ئالۋاستىسىنىڭ قولىدىن ھەبەشىستان مەلىكىسى ئاندرومودانى قۇتقۇزۇۋالغان) نى تىلغا ئالغاندا، بىر خىل مۇكەممەل، يېقىملىق ۋە يىراق ئۆتمۈشتىكى ھېسسىياتنى ئويغىتىشتىن سىرت، ھېچقانداق كونكرېت تەسىرات قالدۇرمايدۇ.

دىنىي ئەپسانىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرمۇ «دۇنيا دېگەن نېمە؟»، «بۇ دۇنيانىڭ سىرتىدا يەنە بىر دۇنيا بارمۇ؟»، «ئۇ دۇنيادا بىزنىڭ بۇ يەردىكى تەجرىبىلەر ئەسقاتامدۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. بۇ ئادەملەر ئۈچۈنمۇ قەدىمكى يۇنان مەدەنىيلىكىنىڭ قىممىتى بار. چۈنكى، قەدىمكى يۇناننىڭ مەدەنىيلىكى كۆپ ساندىكى ئادەملەرگە مەنسۇپ، ئادەملەر دۇنيانىڭ نېمىلىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ، دۇنيا توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى گۈزەللىك، ئەقىل ـ پاراسەت، مېھرىبانلىق ۋە مۇھەببەتكە يىغىنچاقلىغان. مۇنداق قىلىشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە شۇكى، دۇنيادىكى ھەر بىر شەيئى بىر ئەھمىيەتكە ئىگە. سەنئەت مانا مۇشۇنداق ئېھتىياجغا ئاساسەن بارلىققا كەلگەن. يۇنانلىقلار ئەپسانىلىرىدە يىلان جادۇگەر گورگون مېدۇسانى ياراتقان چاغدا، كىمكى بۇ جادۇگەر خوتۇنغا بىر قاراپ قويسىلا، ئۇنىڭ شۇ ھامان تاشقا ئايلىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن گورگون يېزىق بايان قىلغىلى بولمايدىغان، رەسىم ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان، سۆز ـ ئىبارە ئارقىلىق تەسۋىرلىگىلى تېخىمۇ بولمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. نەتىجىدە يۇنانلىقلار ئاتالمىش «گورگون پارادوكسى» نى بايقىغان. ئۇلار ئەسلىدە سۈرەتلىگىلى بولمايدىغان نەرسىنى سىزىپ چىققان، ئەسلىدە ئويغىلى بولمايدىغان ھەيكەلنى ئويۇپ چىققان، ئەسلىدە تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان شەيئىنى تەسۋىرلەپ چىققان. تۇرمۇشىمىزدىمۇ ھازىرغا قەدەر مۇشۇنداق ئەھۋال پات ـ پات كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

## قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى

مەن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە ۋە فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قاتنىشىش جەريانىدا ئۈچ رىجەنى چۈشەندىم.

1 ـ رىجە: ئىدراك بىلەن قارىسىغا ئىش قىلىشتىن ئىبارەت بىر جۈپ زىددىيەت ھەمىشە يېنىمىزدا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىلگىرى مەن بەزى ئىشلاردا قارىسىغا ئىش قىلىپ قويغاندىم. ئەمما، مۇنداق قارىسىغا ئىش قىلىش مېنى ئاقىلانە يولنى تاللىۋېلىش

ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1932 ـ يىلدىن 1940 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دۇچ كەلگەن ئەھۋاللار ھەر قېتىم يادىمغا يەتسىلا، شۇ چاغدا ئۆزۈم قىلغان ھەر بىر ئىشنى قوللايدىغان يېتەرلىك ئاساسىم بارلىقىنى ھېس قىلىمەن. ھاياتتا مۇشۇنداق پەيتكە توغرا كېلىپ قالغاندا، سىزگە بۇنىڭدىن باشقا تاللاشنىڭ يوقلۇقىمۇ ماڭا ئايان.

2 ـ رىجە: قارشىلىق كۆرسىتىش ھەردىكىتىدىكى كەچۈرمىشلىرىم مېنىڭدە ئاياللارغا نىسبەتەن يېڭى تونۇش پەيدا قىلدى. مەن ئىلگىرى ئاياللارنى ئاز ـ تولا چۈشىنەتتىم. ئەمما، ئۇلاردىكى جاسارەت ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنىڭ ئەرلەردىن زادىلا قېلىشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلماپتىكەنمەن. ئۇلار بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە قورقۇپ تۆكۈلۈۋالمايدىكەن، مۇشكۇل ئەھۋالدا مۇستەھكەم تۇۋرۇكتەك مەزمۇت تۇرىدىكەن. ناۋادا ئۇلار بولمىغان بولسا، بىز بۈگۈنكى غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق.

3 ـ رىجە: مەن قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئادەتتىكى تەسەۋۋۇردىن ئېشىپ چۈشىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم. شۇ چاغلاردا بىز بەئەينى قوزغىلاڭچى ئەزدىمەتلەرگە ئوخشاش، ئاپتوموبىل ئوغرىلايتتۇق، يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش كىنىشكىسىنىڭ ساختىسىنى ياسايتتۇق، ئامبارلارغا ئوغرىلىقچە كىرەتتۇق، تەرەپ ـ تەرەپتە پارتلىتىش ئېلىپ باراتتۇق. بىز ھەممىسى بىلەن ـ ناتسىستپەرەس ۋىشىس ھۆكۈمىتى بىلەن، سودىيىلەر بىلەن، ساقچىلار بىلەن قارشىلىشاتتۇق... ئاشۇ يىللاردا بىزنىڭ ئادەملىرىمىز، مەيلى ئۇلار ئەسلىدە نېمە ئىش قىلىدىغان، قايسى خىلغا كىرىدىغان، قايسى سىنىپقا تەئەللۇق ئادەم بولسۇن، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سالغانىدى. يېنىمىزدىكى ئادەملەرگە قاراپ باقساق، ئىلگىرىكى سانائەتچى، سەنئەتكار، ئاددىي خىزمەتچى، ئىشچىلار باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، ماھىرلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئىشتا سوغۇق قان

بولۇپ، ئۈستۈن تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك سىياسىي ئەقلىنى ئىپادىلىگەنىدى. بۇ، ھەقىقەتەن قالتىس ئەھۋال ئىدى.

شائىر ئېۋ بونافوۋانىڭ «تۇسۇۋېلىنغان دۇنيا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار، بۇ كىتابتا مەنزىرە رەسىمدە مەنزىرىنى ئالدى تەرەپتىكى جىسىم تۇسۇۋالىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ مەنزىرە ئەسلىدە مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، ئۇ رەسىمدە مەۋجۇت بولماي قالدى. بىزنىڭ ھاياتىمىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، بۇنى قەدىمكى يۇنانلىقلارمۇ بايقىغان. قەدىمكى يۇنان ئەپسانىسى «ترويا» دا ئاخىللېئۇس ئاگامېمنونغا مۇنداق دەيدۇ: «سەن روھىڭنى باشقىلارغا ئاسانلىقچە كۆرسىتىشكە ھېچقاچان جۈرئەت قىلىپ باقمىغان، شۇڭا سەن دېگەن بىر قورقۇنچاق» تۇرمۇشىمىزدا ماددىي بايلىق دېگەن ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئۇنى ئىگىلەپ، باشقىلار بىلەن ئالماشتۇرۇشىمىزغا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن، بەزىدە ئايرىلىپ قالغان نەرسىگە قايتىدىن ئېرىشىپمۇ قالىمىز. بۇ دېگەن ئۇبورۇت قىلغىلى بولىدىغان بايلىق. ئالماشتۇرغىلىمۇ، ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن قايتىدىن ئېرىشكىلىمۇ بولمايدىغان بىردىنبىر بايلىق ـــ ھاياتلىق. مانا بۇ ئاخىللېئۇس ئاگامېمنونغا دېگەن گەپنىڭ ھەقىقىي مەنىسى. چۈنكى ھاياتلىق ۋۇجۇدىمىزدىكى ھەممىدىن قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ. بىز ھاياتىمىزنى باشقىلارنىڭ ھاياتى بىلەن ئالماشتۇرۇپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋەتسەك بولمايدۇ. بىز ئۆمرىمىزدە بەزەن چاغلاردا باشقا ئامال تاپالماي قالىدىغان پەيتكە دۇچ كېلىپ قالىمىز، بۇ چاغدا مادارا قىلىش ئىمكانىيىتى بولماي قالىدۇ. بىزنىڭ يا ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە، يا ئارقىغا چېكىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

(«دۇنيا بىلىملىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: **مۇزەپپەر پولات**



جون باررون [ئامېرىكا]

# ئارخىپخانىدىكى مۇتلەق مەخپىي ھۆججەتلەر

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

جونسون دەسلەپتە ك گ ب نىڭ كۆڭ-لىگە يېقىش ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ پاۋلانىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئامال قىلىپ بېرلىن قوماندانلىق شتابى ئاخ-بارات بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ ئىشلىدى. ئۇ يەردە نۇرغۇن مەخپىيەتسىز ھۆججەتلەرنى قىلچە تاللاپ ئولتۇرمايلا كېچىسى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ سۈرەتكە تارتتى. ك گ ب ئۇ ئەۋەتكەن بىر تالاي كېرەكسىز رەسىملەردىن قاتتىق گاڭگىراپ، ئۇنىڭغا مۇنداق ھەرىكەتنى توخ-تىتىشنى بۇيرۇدى. پاۋلا ئۇنىڭغا:

— بىز سېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭگە قا-يىل، ئەمما بىزنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىمىز پە-قەت مەخپىي ھۆججەت، — دېدى.

جونسون تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئىشلەشكە باشلىدى. چۈشلۈك دەم ئېلىشتا خىزمەتداشلىرى سىرتقا چىقىپ كەتكەن پۇر-سەتتىن پايدىلىنىپ، ئىشخانا ئېمىدىكى شەر-قىي گېرمانىيىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت ئارمىيە-سىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش خەرىتىسىنى سۈرەت-كە تارتىۋالدى. ئۇ بىر ئايدىن كېيىن شەرقىي بېرلىندا پاۋلا بىلەن كۆرۈشكەندە بەك خۇشال بولۇپ:

— بۇ خەرىتە قانداقكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ھىم! ھەقىقىي گەپنى قىلغاندا، بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئامېرىكىنىڭ خەرىتىسى بىلەن چۈشىنىشكە موھتاج ئەمەسمىز، — دېدى پاۋلا.

1953 ـ يىل 6 ـ ئايدا، شەرقىي گېرمانى-يىدە توپىلاڭ يۈز بەردى. پاۋلا جونسونغا ھەر قانداق قىلىپ بولسىمۇ ئامېرىكا پەردە ئارقى-سىدا تۇرۇپ توپىلاڭغا قۇتراتقۇلۇق قىلغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تېپىپ چىقىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. ئەمما، شۇ چاغدا ئامېرىكى-لىقلارمۇ سوۋېتلىكلەرگە ئوخشاشلا قاتتىق چۆچۈگەنىدى. ك گ ب كۆپ قېتىم بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، جونسون ئەسلىدىلا مەۋجۇت بولمىغان دەلىل ـ ئىسپاتلارنى باش-تىن ـ ئاخىر تاپالمىدى. ئۇ ئىنتايىن

ئۈمىدسىزلەندى. ھەتتا بىر نەچچە قېتىم ك گ ب بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەكچى بولدى. ئەگەر شۇ جايدا ئۇ تاسادىپىيلا بىر ئادەمگە ئۇچراپ قالمىغان بولسا، راستتىنلا مۇناسىۋەتىنى ئۈزۈشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىدا، بۇ ئادەم كۆپ قېتىم جىددىي پەيتلەردە تۇساتتىنلا پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسەتتى.

بىر كۈنى، ئىشخانىنىڭ سىرتىدىكى كارىدوردا بىرەيلەن جونسونغا:

— ياخشىمۇسەن، بوب، — دەپ سالام بەردى. ئۇ سىنچىلاپ قارىۋىدى، ئەسلىدە بۇ ئەڭ يېقىن دوستى سېرژانت جامېس ئاللېن ماك كىنبو ئىكەن، ئۇلار ئۈچ يىل بۇرۇن ئاخىرقى قېتىم تېكساس شتاتىدىكى خۇدبېرگدا كۆرۈشكەنىدى. ماك كېنبو 35 ياشقا كىرگەن، ئېگىز ۋە قاۋۇل ئىدى. باشقىلار ئۇنىڭغا تەكىلىپ قارىسا، دەرھال خۇنسىز كۆك كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچاتتى. جونسون باشقا ئەسكەرلەرنىڭ ئۇنى «ئۆمرى قىسقا لەنىتى»، «ئەرۋاھ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ مىجەزى نۇرغۇن تەرەپلەردە بىر ـ بىرىنىڭ ئەكسى ئىدى. جونسون ئاچ كۆز، تەلۋە ئىدى. ماك كېنبو ئېھتىياتچان، ھەتتا قورقۇنچاق ئىدى. جونسون ھاراقنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى. ئىمكانىيەت بولسىلا ئاياللار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان ھەر قانداق پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيتتى. ماك كېنبو ھاراقكەشلىككە ئۆچ ئىدى، بەزىدە ئۆزىنىڭ ئاياللارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنلىكىدىن ماختىنىپ قويسىمۇ، ئەمما جونسون ئۇنىڭ ئاياللار بىلەن بىللە يۈرگەنلىكىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئىككىسىنىڭ تېكساستا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قېلىشىغا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق نىشانى ۋە قىممىتى يوق، تاشلىنۋېتىلگەن كىشىلەردىن بولغانلىقى سەۋەبچى بولغان بولسا كېرەك. جونسون ماك كېنبودىن پايدىلىنىپ ئۆزۈمنىڭ ك گ ب غا بولغان قىممىتىمنى ئاشۇرسام بولغىدەك دەپ ھېسابلىدى. ئۇ نۆۋەتچىلىك قىلمىغان چاغدا ماك كېنبونى قاراۋۇللۇققا قويۇپ، ئۆزى ئىشخانىغا كىرىپ تازا ئاختۇرسا، جاسۇسلۇق پائالىيىتىدە چوقۇم نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى، ئاندىن يېڭى ھەمراھىنى روسىيىلىكلەرگە تونۇشتۇرۇپ قويسا، ئۇلارنىڭ جەزمەن خۇشال بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جونسون ئۈستى ئوچۇق پىۋا دۇكىنىدا ئۈزۈم ھارىقى بىلەن كولباسانى ئالدىغا تىزىپ قويۇپ، گەپنى ئاستا ـ ئاستا ئاساسىي تېمىغا يۆتكىدى.

— بۇ شەھەر يامان ئەمەسكەن، — دېدى ئۇ، — ئىشتىن سىرت ئىشلەپمۇ جىق پۇل تاپقىلى بولىدىكەن.

ماك كېنبو تېكساستىكى چاغدا جونسوننىڭ بىر يېڭى ئەسكەر بىلەن قىمار ئويناپ پۇلىنى ئۇتتۇۋالغان ئىشنى يادىغا ئېلىپ:

— سەن يەنە قارتا بىلەن قىمار ئويناپ شا كىچىككىلەردىن پايدا ئېلىپ يۈرىۋاتامسەن ـ قانداق؟ — دېدى.

— گەپنى نەگە بۇراۋاتىسەن؟ — دېدى جونسون جاۋابەن، — مېنىڭ قىلىۋاتقىنىم چوڭ سودا، جاسۇسلۇق قىلىۋاتىمەن. روسىيەلىكلەرگە يالغان ئاخبارات ساتىمەن، بەزىدە ئازراق راستلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىمەن، ئۇلار ئىشىنىپ قالىدۇ. ئەگەر سەن ياردەملەشىشنى خالىساڭ، ئىككىمىز شېرىكلىشىپ قىلساق بولىدۇ.

ماك كېنبو ئىككىلىنىپ قالدى. ئەمما ئۇ ھەيران قالغان ۋە جونسوننىڭ رايىغا باققان بولۇشى مۇمكىن، ئاخىر قوشۇلدى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ جونسوننىڭ ئەمەلىيەتتە روسىيىلىكلەرگە قىممىتى بار راست ئاخبارات توپلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. بىراق، ماك كېنبونىڭ ئۆزىنىمۇ ھەيران

قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇ بۇنىڭغا زادىلا پەرۋا قىلمىدى. ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىدىغان ئىشقا ياردەملىشۋاتقانلىقىنى ئويلىسىلا، ھەتتا غەلىتە قانائەتلىنىش تۇيغۇسىدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئىككى سېرژانت بىر شەھۋانىي فىلىم ئىشلەپ، ئەسكەر ھەمراھلىرىغا سېتىشنى پىلانلىدى. بىر كېچىسى، ئىككىيلەن بىر پاھىشىنى چاقىرىپ، جونسوننىڭ ياتىقىغا باشلاپ كىردى – دە، ئۇنىڭغا فىلىمدا باش رول ئالغۇزماقچى بولدى. خېئادىنىڭ بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىراپ، چىرقىرىشى، ئەرلەرنىڭ غەرق مەست ھالەتتە تەنتەنە قىلىشى ئاخىرىدا غەزەپلەنگەن قوشنىلارنى ساقچىغا مەلۇم قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ساقچىلار ئامېرىكا ئارمىيىسى دائىرىلىرىگە مەلۇم قىلدى. ئەتىسى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خادىملىرى جونسون بىلەن ماك كېنبونى سوراق قىلدى ھەمدە ياتاقنى ئاختۇردى. جونسون پلىيونكىنى خاتا سېلىپ قويغانلىقتىن فىلىم ئاززاقمۇ ئېلىنمىغان، شۇڭا جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھېچقانداق دەلىل – ئىسپاتى قالمىغانىدى. «بۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيىلىكلەرگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بېرىشىڭلارغا يول قويۇلمايدۇ».

ئىككىسى مۇشۇ تەرىقىدە ئازراق ئەدەپلىنىپلا دەرھال قويۇپ بېرىلدى.

قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قالغان جونسون بۇ قېتىمقى ئاختۇرۇشنى چوقۇم ئۆزىنىڭ جاسۇسلۇق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ دەلىل – ئىسپاتىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بولغان، دەپ ئويلىدى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن، جونسون ئاچالدا توختىتىپ قويۇلغان «ۋولكسۋاگېن» ماركىلىق پىكاپتا ماك كېنبونىڭ ئۆز دەردىگە ھەمدەم بولۇشۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ ماك كېنبوغا:

— نېمە بولدىكىنتاڭ، ئۇلار بىلىۋاپتۇ، مانا، بۈگۈنلا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردىن دەرھال كېتىپ روسىيىلىكلەرنىڭ يېنىغا بېرىۋالمىساق بىزنى نەس باسىدۇ!

لىڭتاسما ماك كېنبو قاراڭغۇ جايدا ئولتۇرۇۋېلىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى، جونسون ئۇنى قېچىپ كېتىشكە قوشۇلمايدىكەن، دەپ ئويلىدى.

— ئاناڭنى! سېنىڭ تۈرمىدە ياتقۇڭ بارمۇ؟ — دەپ تووۋلاپ كەتتى ئۇ، — ئاڭلاپ تۇر، ماك! بىر ئىشتا سېنى ئالدىغانىدىم. مەن روسىيىلىكلەرگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئاخباراتلارنىڭ ھەممىسى راست. ئۇلار بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ.

ماك كېنبو ئەزمىلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— بوب، مەنمۇ بىر ئىشنى دېمىسەم بولمايدۇ، بۇنى ئاڭلىساڭ كۆڭلۈڭ غەش بولۇشى مۇمكىن، ئەمما شۇ تاپتا يەنىلا ساڭا دەۋەتكىنىم تۈزۈككەن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان جونسون خولبېيدبورگدىكى چاغدا ماك كېنبو ئېيتقان بىر سىرلىق ئىشنى بىردىنلا يادىغا ئېلىپ، ھەممىنى چۈشەندى – دە، ئەجلىم توشۇپتۇ، دەپ ئويلىدى. ئەسلىدە ماك كېنبو جونسونغا ئۆزىنىڭ ماربلاند شتاتىدىكى خولبېيدبورگ قۇرۇقلۇق ئارمىيە جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش مەكتىپىدە ئوقۇغانلىقى، كېيىن يېرىم يولدا ئوقۇشتىن توختاپ قالغانلىقىنى ئېيتقان، ئەمما ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرمىگەنىدى. بۇ چاغدا جونسون ماك كېنبونىڭ يېرىم يولدا ئوقۇشتىن توختاپ قالغانلىقىنى يالغان دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئىزچىل تۈردە جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خادىمى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنى نازارەت قىلىشقا ۋە تۇزاق قۇرۇشقا ئەۋەتىلگەنلىكىنى مۆئەييەنلەشتۈردى. جونسون: تۈگىشىپتىمەن! ھازىرلا

قولۇمغا كويزا سېلىنىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ، تىترىگىنىچە سورىدى:

— نېمە دېمەكچىسەن؟

ماك كېنبو ھەسرەت بىلەن:

— بوب، مەن بىر جىنسداش، — دېدى

— ئۇھ، خۇداغا شۈكۈر! ـ دەپ تاشلىدى جونسۇن.

پاۋلا شەرقىي بېرلىندىكى فرىيېدرىخ كوچىسىدا جونسوننى كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئەزەلدىن تونۇشمايدىغان بىر ئادەمنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىزلا غەزەپلەندى. پاۋلا ئىككى ئامېرىكىلىقنى يېقىن ئەتراپتىكى قەھۋەخانىغا باشلاپ كىردى ـ دە، ماك كېنبونى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قاتتىق ئاۋازدا:

— بۇ كىم؟ ئۇ نېمە قىلغىلى كەلدى؟ — دەپ سورىدى.

جونسون ئۆزىنى ئاقلاپ، ماك كېنبونىڭ ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى ئىكەنلىكىنى، جاسۇسلۇق پائالىيىتىدە زور ياردەم قىلغانلىقىنى، ھازىرخەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقى، قولغا ئېلىنىشىنىڭ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— بۇ پۈتۈنلەي ئەخمىقانە گەپ! — دېدى پاۋلا، — ئۇلار راستىنلا گۇمانلانغان بولسا، ئۇستۇڭلاردىن بۇرۇنلا ئەرز قىلاتتى ياكى ئۇركۈتۈپ قويۇپ، ئەركىن ـ ئازادە ھەرىكەتلىنىپ يۈرۈۋېرىشىڭلارغا يول قويمىغان بولاتتى. روھىڭنى كۆتۈرۈپ، قېچىپ كېتىدىغان ئەخمىقانە خىيالىڭنى تاشلا. سېنىڭ ئىستىقبالىڭ بىر نەچچە ئاي بۇرۇنلا بەلگىلىنىپ بولغان.

پاۋلا ماك كېنبوغا بۇرۇلدى:

— ئۆزۈڭ توغرىلىق سۆزلەپ باق. قورۇقلۇق ئارمىيىسىدە نېمە ئىش قىلىسەن؟ ئۆيلەندىڭمۇ؟ نېمىشقا بۇنداق ئىشقا ئارىلاشتىڭ؟

پاۋلا قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى بىردەم ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدى ھەمدە يېگىدىن كەلگەن بۇ ئامېرىكىلىققا قىزىقىپ قالدى، پاراڭمۇ ئەمدى بارا ـ بارا سىلىقلاشتى. پاۋلا بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ۋە ھەرىكىتىنى قانداق تەھلىل قىلىشنى ئۆگەنگەنىدى. ئۇ ماك كېنبونىڭ جىنسداش ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلدى ۋالدى. جىنسداشلىق، بولۇپمۇ ئاسانلىقچە سېزىۋالغىلى بولمايدىغان يوشۇرۇن جىنسداشلىق ك گ ب بىلىشنى بەكلا ياقتۇرىدىغان بىر خىل غەيرىي قىلمىش ئىدى.

ئادەتتىكى مۆلچەرنىڭ ئەكسىچە، ك گ ب ئادەتتىكى جىنسداشلارغا زادىلا قىزىقمايتتى. ئۇنداق كىشىلەر ئاسانلا تەھدىت ھېس قىلىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. ك گ ب: جىنسداشلار ھەمىشە خاراكتېر قالايمىقانچىلىقىغا ئۇچرايدۇ، شۇڭا كەيپىياتى مۇقىم بولمايدۇ، ئاسانلا تاشقى مۇھىتنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرايدۇ، دەپ قارايتتى. ك گ ب نىڭ ئىزدەيدىغىنى ئالاھىدە تىپتىكى جىنسداشلار، يەنى مەلۇم دەرىجىدە جەمئىيەتكە ماسلىشىۋالغان، ئەمما قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە يەنە جەمئىيەتكە ۋە ئۆزىگە قارشى تۇرىدىغانلار ئىدى. ئۇلار مۇشۇنداق قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئازابلىق ئەھۋالغا چۈشۈپلا قالسا، ھەمىشە ئۆزىنى باشقىلارغا ئوخشىمايمەن، دەپ ئويلايدۇ. باشقىلارغا ئوخشىمىغاندىكىن، ئۆزىنى ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئادەت، قىممەت قارىشى ۋە جەمئىيەتكە ساداقەت كۆرسىتىش كېرەك دېگەندەك ئەخلاق قارىشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقىم كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئەمما، كۆڭلىدە يەنە ئۆزىنى ماخاۋ كېسىلىدەك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان جەمئىيەتتىن ئۆچ ئېلىشتەك يوشۇرۇن روھىي ھالەت پەيدا بولىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئاسىيلىق قىلىش ئۆچ ئېلىشنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۇسۇلى ھېسابلىناتتى. ماك كېنبو مانا شۇنداق ئادەم ئىدى.

پاۋلا ئۆتكەندىن كېلەر قېتىم شەرقىي بېرلىنگە يالغۇز كېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ

بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن كارسىخوستىقا ئاپىرىلىپ، ك گ ب نىڭ باشقا ئوفىتسېرلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈلدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئېنىق دېمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ جىنسداش ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئەگىتىپ پۇرىتىپ قويدى. ماك كېنبو جونسون ئارقىلىق ك گ ب بىلەن ۋاستىلىق ھەمكارلاشقانلىقتىن، روسىيىلىكلەرمۇ قانداقتۇر رەسمىي قوبۇل قىلىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەيدىغان شەكىلگە ئېسىلىۋالمىدى. ئۇلار سۆھبەت داۋامىدا ماك كېنبونى ئۆز قارىمىقىغا قوبۇل قىلغاندەك قىلدى. ماك كېنبومۇ غەلىتە ھالدا سوكۇت قىلدى. ئۇنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىشتىكى ئاساسىنى ئېنىق سۆزلەپ بېرىشى ئون نەچچە يىلدىن كېيىنكى ئىش بولدى.

پاۋلا ماك كېنبوغا بېرلىندىكى ئامېرىكىلىقلار ئىچىدىن جىنسداشلىق خاھىشىغا ئىگە كىشىلەرنى ئىزدەش ھەققىدە يوليورۇق بەردى ھەمدە ئۇ كونىلەرنىڭ بىرىدە ھەربىي سەپتىن چېكىنسە ك گ ب نىڭ ئۇنىڭغا بېرلىندا بىر ئاسار ئەتىقە دۇكىنى ئېچىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپ يېرىم يىلدىن كېيىنكى بىر كېچىسى، پاۋلا توساتتىنلا ماك كېنبوغا جونسونغا ھەمكارلىشىشنى توختىتىپ، بارلىق خەتەرلىك پائالىيەتلەردىن قول ئۈزۈشنى ئۇقتۇردى. ك گ ب ماك كېنبونى ئامېرىكىغا قايتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىشنى پىلانلىدى. شۇ چاغدا ك گ ب يىراق كەلگۈسىنى ئويلاپ يەتكەنىدى.

جونسون يەنىلا بەزى ئاخباراتلارنى پات ـ پات بېرىپ تۇردى، ھەر ھەپتىسى بېرلىن قوماندانلىق شتابىغا ئەۋەتىدىغان بىر نەچچە نۇسخا مەخپىي دوكلاتنىڭ كۆچۈرۈلمىسى شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. پاۋلا ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىلھاملاندۇردى ۋە يېتەكلىدى. ئەمما، جونسوننى روسىيىلىكلەرگە جاسۇس بولۇشقا مەجبۇر قىلغان ئېزىقتۇرۇش تەدرىجىي يوقالدى، ئۇنىڭ قىزىقىشىمۇ سۇسلاپ قالدى. ئۇ 1955 ـ يىلى 4 ـ ئايدا فرانسىيەدىكى روشفورت يېنىغا جايلاشقان قورۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ مالىيە ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ ئىشلەش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن پاۋلا بىلەن ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشماي، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنى خەۋەر قىلىپمۇ قويمايلا بېرلىندىن كەتتى. ك گ ب ئۇنىڭ يېڭى ۋەزىپىسىگە قىزىقمىدى، ئۇنىڭدىن ۋاقتىنچە ۋاز كېچىشكىمۇ رازى بولدى.

قورۇقلۇق ئارمىيىسىدىن بۇرۇنقىدەكلا نارازى بولۇپ يۈرگەن جونسون 1956 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بۇيرۇق بويىچە ھەربىي خىزمەتتىن چېكىندى. ئۇ ئەينى چاغدا 36 ياش بولۇپ، تەربىيە ئالمىغان، ھەر قانداق غەيرىي ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەييارلىقمۇ كۆرمىگەنىدى. ئەمما جونسوننىڭ ئۆز پىلانى بار ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئامانەتكە قويغان 3000 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى پۇلى بىلەن قىمار ئويناپ خېلى جىق مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولۇش، ئاندىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بويىچە سىرتتىن ئوقۇتۇش تەربىيىسىنى ئېلىپ، مەشھۇر يازغۇچى بولۇش خام خىيالىدا بولۇۋاتاتتى. ئۇ خېنىمىنى ئېلىپ ۋېگاسقا باردى. كېچىسى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىدا تۈنىسە، كۈندۈزى قىمارخانىدا كۈن ئۆتكۈزدى، ئىككى ئاي ئىچىدە پۇللىرىنى پاك ـ پاكىز ئۇتتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن جونسون ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن خېنىمىنى يەنە ئىپپەت نومۇسىنى سېتىشقا قىزىقتۇردى.

بۇ ئۇسۇل ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئۇنىڭ يەنىلا جەلپكارلىقى بار ئىدى. چىرايلىق ۋە يېقىملىق چەت ئەلچە تەلەپپۇزى ئەرلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەتتى. باشقىلارنىڭ موھتاج بولۇش ۋە تەلەپ قويۇش ھېسسىياتى ئۇنىڭ مەنمەنلىكىنى قانائەتلەندۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ جىنسىي ھەۋەسى ئۇرغۇپ

تۇراتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىپپەت ـ نومۇسىنى سېتىشنى شەرمەندىلىك دېگەندىن كۆرە بىر خىل ھۆزۈر دېگەن تۈزۈك ئىدى. بەزىدە ئۇ بىر كۈندىلا 200 ئامېرىكا دوللىرى تاپالايتتى. بىر قېتىم ئۇ بىر ئەر بىلەن تاغدىكى كەپىدە بىر ھەپتە بىللە تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن 500 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق پۇل ئۇندۇرۇۋالدى. جونسون ئۇ پۇلغا بىر كۆچمە ئۆي سېتىۋالدى، ئىككىسى كۆچمە ئۆي رايونىغا كۆچۈپ كىردى. ئۇ كۈندۈزى سىرتتىن ئوقۇتۇش دەرسلىرىنى ئۆگەنسە، كېچىسى خېنىدى تېپىپ كەلگەن پۇلغا ھاراق ئىچىپ، قىمار ئوينىدى.

بىراق، 1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى خېنىدى كېسەل بولۇپ قايتا پۇل تاپالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار يەنە مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

1957 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى بىر شەنبە كۈنى ئەتىگەنلىكى جونسون ئىشكىنى چەككەن مېھمانغا ئۇيقۇلۇق ھالەتتە جاۋاب بەردى.

ـــ ھەي، شورۇم قۇرۇسۇن! ـــ دەپ چۇقان سالدى ئۇ، ـ خېنىدى، ئورنۇڭدىن تۇر، ئازراق قەھۋە دەملە، قاراپ باق، كىم كەلدىكىن!

ئىشىكنىڭ سىرتىدا ماك كېنبو تۇراتتى. ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇلار ئىككىسىگە ئۆزىنىڭ 1956 ـ يىلى ئەتىيازدا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدىن ئايرىلغانلىقىنى، كېيىن كالىفورنىيىنىڭ شىمالىدىكى سوغۇق ئىچىملىكلەر دۇكىنىدا ئىشلەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە ھېلىلا بېرلىندىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى دېدى.

ماك كېنبونىڭ چىرايىدا يەنىلا تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ 20 دوللارلىق 25 ۋاراق كونا پۇل سېلىنغان بىر كونۋېرتنى جونسونغا بەردى:

ـــ بۇ پاۋلانىڭ سوۋغىتى، ئۇ سېنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشۈڭنى ئۈمىد قىلىدىكەن. بۇنىڭدىن كېيىن بىللە ئىشلەيمىز، ئېيىغا 300 دوللار ئالىسەن.

بۇ پۇل بىلەن تەكلىپ جونسونغا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىلىندى. ئۇ ئويلىنىپ تۇرماي، شۇنداقلا خېنىدى بىلەن مەسلىھەتلەشىپ كۆرمەيلا جان دەپ ماقۇل بولدى.

ك گ ب جونسوننى يېڭىۋاشتىن خىزمەتكە تەيىنلەشتە، ئۇنىڭغا دەرھال ئامېرىكا ئارمىيىسى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا دائىر ئاخباراتلارنى توپلاش ئىشىنى قىلدۇرماقچى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇنى تېخنىكىلىق ئاخباراتلارنى ئىگىلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە دەپ قارىمايتتى. ئەمما، ئۇ ھەربىي بازا ئەتراپىدىكى لاگېردا تۇرسىلا، بەزى قورال ـ ياراغ ۋە ھۆججەتلەرنى سۈرەتكە ئېلىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ك گ ب بەدەل تۆلەمەي ئېرىشكەن كەلگۈسىدىكى دونىڭ پىچكىسى ئىدى. ھالبۇكى، شۇ تاپتا ئۇلار ئۇنىڭغا ئازراق پۇل بەرسىلا ئۇنىڭدىن خىلىلا پايدىلىنالايتتى.

جونسون ك گ ب ئارزۇ قىلغان ھاۋا ئارمىيىسگە كىرەلمىگەن بولسىمۇ، يەنە سىرژانتلىق ھەربىي ئۇنۋانى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسگە مۇۋەپپەقىيەتلىك قايتىپ كەلدى. ئەمما، ك گ ب نى خۇشال قىلغىنى شۇكى، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئۇنى كالىفورنىيىدىكى پالوس ۋېردېس يېرىم ئارىلىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان ناكى II تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا بازىسىغا مۇھاپىزەتچىلىككە تەقسىم قىلدى. 1957 ـ يىلى ئەتىيازدىن ئىككىنچى يىلى ئەتىيازغىچە بولغان بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە، جونسون ھەمىشە ماك كېنبو بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ رەسىمى بىلەن چىرتيوژلىرىنى تاپشۇردى ھەمدە ئۆزى بازىدا ئوغرىلىقچە ئاڭلىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئىقتىدارى توغرىسىدىكى سۆھبەت مەزمۇنىنى ئېيتىپ بەردى. جونسون يەنە روسىيىلىكلەرنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، راكېتا

يېقىلغۇسىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى سىڧون نەي-
چىسى بىلەن ئازراق ئېلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق
بولدى. ك گ ب ئۇنىڭغا ئىككى قېتىمدا 900
دوللار ۋە 1200 دوللار مۇكاپات پۇلى بەردى. ئۇ
ئىگىلىگەن ئاخباراتلارنىڭ قىممىتىدىن قارى-
غاندا، بۇ مۇكاپات پۇلى ھېچنېمىگە ئەرزى-
مەيتتى، ئەمما ك گ ب بۇ ھەقنى خەجلەپ
تۈگىتىدىغان، ئەمما، كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ
ئېتىبارىنى قوزغاپ قويمايدىغان ئەڭ چوڭ سان
دەپ قارايتتى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى
جونسوننى تېكساس شتاتى پاسو شەھىرى
ئەتراپىدىكى بلىسبۇرگقا يۆتكىدى. ماك كېنبو
ھەر قېتىم پاسو ئايرودرومىدا جونسون بىلەن
ئۇچراشقاندىن كېيىن، دەرھال ۋاشىنگتونغا
ئۇچۇپ بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىخانى-
سىنىڭ مېھمان كۈتۈش ئەمەلدارى پېتىر
نىكولايېۋىچ يېلىسېيېۋ (35 ياش) غا دوكلات
قىلاتتى. ۋاشىنگتوننىڭ نەم ياز پەسلىدە، بۇ
يېلىسېيېۋ ئادەتتىن تاشقىرى تەرلەيتتى، ھە
دېسىلا كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ بۇرنىنى
سۈرتەتتى، بىر ئىشقا تىت ـ تىت بولۇۋاتقاندەك
قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇچرىششنى بەزى قى-
زىقچىلىق تىياتىرخانىلىرىنىڭ يېنىغا ئورۇن-
لاشتۇرۇشنى ياقتۇرۇشى، ئىش بېجىرىشىنىڭ
ئالدى ـ كەينىدە يالغاچ ئۇسسۇل كۆرۈشنى
مەقسەت قىلغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس
ئىدى. 1959 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، جېففېرسون ۋە
لىنكولىن خاتىرە مۇنارى ئارىسىدىكى پوتوماك
دەرياسىنىڭ بويىنى بويلاپ پىكاپلىق كېتى-
ۋاتقاندا، يېلىسېيېۋ (ماك كېنبو ئۇنىڭ چار-
لىس دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىلا بىلەتتى) ماك
كېنبوغا تۆت ئايلىق چەت ئەل ساياھىتىگە
ھازىرلىق كۆرۈشنى ئېيتتى.

ماك كېنبو:

ـــ قايەرگە بارىمەن؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ مەن ھازىر ساڭا تۆۋەندىكىدەك ئەھ-
ۋاللارنىلا ئېيتىپ بېرەلەيمەن، ـــ دېدى چار-
لىس جاۋابەن، ـــ ساڭا گېرمانىيىدىن بىر پارچە
خەت كېلىدۇ، خەتنىڭ مەلۇم يېرىدە «تەگلەش-
تۈرۈش» دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ. سەن خەتنى
تاپشۇرۇۋېلىپ 14 ـ كۈنى سائەت 19 دىن 35
مىنۇت ئۆتكەندە، شەرقىي بېرلىندىكى بۇرۇن
بىزنىڭ ۋەكىلىمىز بىلەن كۆرۈشكەن ھېلىقى
كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ھازىر بولۇشۇڭ كېرەك.

1959 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ماك
كېنبو سىرتىدىن قارىسا گېرمانىيىلىك دوست-
لاردىن كەلگەنگە ئوخشايدىغان بىر پارچە خەت
تاپشۇرۇۋالدى. خەتنىڭ ئاخىرىدا: «بىزنىڭ يەنە
بەزى چەت ئەللىك دوستلىرىمىز بار، ئەمما
ئۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ ساڭا تەڭ قىلغىلى بول-
مايدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. ماك كېنبو ئۇچۇرغا
ئېرىشكەندىن كېيىن، سكاندىنوۋىيە ئاۋىئا-
تسىيە شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانىغا
ئولتۇرۇپ، شىمالىي قۇتۇپتىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ
لوس ئانجېلىستىن كوپېنھاگېنغا باردى، كو-
پېنھاگېندىن يەنە غەربىي بېرلىنگە كەلدى. ئۇ
شەرقىي بېرلىندىكى فرىيېدرىخ كوچىسىدا
ساقلاۋاتقاندا، چىشلىرى قىڭغىر ـ سىڭغىر
بىر دوغىلاق ئەرنىڭ خۇددى بىر ئورانگۇتاندەك
دۈمچەيگىنىچە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆردى. بۇ ناتونۇش كىشى قۇلاققا خۇشياق-
مايدىغان ئاۋاز بىلەن كىشىنىڭ كۈلكىسىنى
كەلتۈرىدىغان ناھايىتى قاتتىق روسىيە
تەلەپپۇزىدا:

ـــ بىز ۋېگاستا كۆرۈشكەنمىدۇق؟ ـــ دەپ
سورىدى.

ـــ ياق، لوس ـ ئانجېلىستىغۇ
دەيمەن، ـــ دەپ جاۋاب بەردى ماك كېنبو.

ـــ ھە، يادىمغا كەلدى، ـــ دېدى روسى-
يىلىك، ـــ پاۋلا ساڭا سالام ئېيتتى.

ـــ پاۋلا ھازىر قەيەردە؟ ـــ دەپ سورىدى
ماك كېنبو.

ـــ يىراق جايدا، ـــ دەپ جاۋاب بەردى
روسىيىلىك. ئىككىسى مەخپىي بەلگىنى ئال-
ماشتۇردى. روسىيىلىك دىقماققىنە ئالىقىنىنى

ئۆزىتىپ ماك كېنبونىڭ قولىنى كۈچەپ سىقتى.

— خاتىرجەم بول، — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، — مېنىڭ ئىسمىم نىك، سېنىڭ سەپەرداشىڭ.

غەرب ئاخبارات ئورگىنىنىڭ ئېنىقلىشىچە، بۇ نىك دېگەن كىشى نىكولاي سېمىيونوۋىچ سكوۋورتسوف بولۇپ، تىرىشچان، ئەمما كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان جاسۇس ئىدى. ئۇ 1949 ـ يىلى جاسۇسلۇق پائالىيىتى تۈپەيلىدىن كانادادىن قوغلاپ چىقىرىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ياللانما خادىملىق سالاھىيىتى بىلەن يەنە نيۇيوركتا پەيدا بولغانىدى. ئەمما، ئۇزۇنغا بارمايلا يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىنىپ ئامېرىكىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانىدى. ياش ئوفىتسېرلار دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، بەستى توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىغا ئوخشايدىغان بۇ شەخسنى «سەھرالىق» دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئاجايىپ جىسمانىي قۇۋۋەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ك گ ب نىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ھوقۇقىمۇ، تەسىرىمۇ بار يۆلەنچۈكى بارئىكەن، دېگەن گەپلەر تارقالغانىدى، شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭغا يۈزمۇ يۈز چېقىلىشقا پېتىنالمايتتى.

— ماڭا دېسەڭلار، مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ نېمە قىلدۇرماقچى، يەنە قەيەرگە ئاپارماقچى، — دېدى ماك كېنبو.

— تولا سۆزلەۋەرمە، — نىك سۆزلىگەچ ئۇنى باشلاپ ئىككى بازاردىن ئۆتتى. ماشىنىدا شەرقىي بېرلىننى كېسىپ ئۆتۈپ، ك گ ب كارسخوست رايونىدا مۇسادىرە قىلىنغان كونا پاسوندىكى چىرايلىق بىناغا كەلدى. نىك ئۆزلىرىنى كۈتۈۋالغان گېرمانىيىلىك ئايال خىزمەتكارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ماك كېنبوغا مۇنداق دېدى:

— بىز موسكۋاغا بېرىپ سېنىڭ كېلەچىكىڭ ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرىمىز. ھەممىدىن لەنىنىڭ سەن بىلەن كۆرۈشكۈسى بار. سەن ئۈچۈن تونۇش ئادەملەر بىلەن بىللە ئىشلەش قولايلىقراق.

تېخى تاڭ ئاتماي تۇرۇپلا ئىككىيلەن شېنفېلد ئايرودرومىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئىليۇشىن ـ 28» تىپلىق ترانسپورت ئايروپىلانىغا چىقتى. بۇ ئايروپىلاندىكى يولۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر گېنېرالى بىلەن ئۇنىڭ قىزىدەك كۆرۈنىدىغان گۈزەل قىزچاقلا ئىدى. بۇ ئىككىيلەن بېشىنى لىڭشىتىپ ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن باشقا، زېرىككۈچىلىك ۋە كۆڭۈلسىز سەپەر داۋامىدا ئۇلار بىلەن باشتىن ـ ئاخىر پاراڭلاشمىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىغا قەدەم قويۇشى بىلەنلا ماك كېنبونىڭ تۇنجى تەسىراتى قاتتىق سوغۇق بولدى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا كالىفورنىيە شتاتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن ماڭغان چاغدا كىيىۋالغان يازلىق كىيىم بىلەن يامغۇرلۇق چاپانلا بار ئىدى، شۇڭا ئۇ موسكۋا شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئايرودرومىدا ئالدىغا چىقىدىغان ماشىنىنى ساقلاۋاتقان چېغىدا ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى.

— خۇدا ھەققى، تېزرەك ماڭساق، نىك، — دېدى ماك كېنبو، — مۇزلاپ قېتىپ قالاي دېدىم.

ماك كېنبو موسكۋادا ئازادە ۋە ھوزۇرلۇق بىر ياتاق بىناسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 3 ـ قەۋەتتە تۇردى ھەمدە ئۇنى ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال خىزمەتكار كۈتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە، نىك ئۇنىڭغا روسىيە كىيىملىرىنى — بىر يۇرۇش يۇڭ رەخت كىيىم، بىر ئۇزۇن پەلتو ۋە بىر قولاقچا ئەكېلىپ بەردى. باشتا ئۇ بۇ يەردە قوبۇل قىلىنغان تەلىم ـ تەربىيە دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىن موسكۋاغا جەم بولغان سان ـ ساناقسىز جاسۇسلار قوبۇل قىلغان تەلىم ـ تەربىيىگە ئاساسەن ئوخشاش بولدى. تەلىمچىلەر ھەر كۈنى كېلىپ ئالاقىلىشىش خېتىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى، مىكرو

سۇرەتكە تارتىش، مەخپىي يېزىق، سۇرەتكە ئېلىش، مەخپىي بەلگە، ئىزنى چۈشۈش ۋە مورس تېلېگرافلىق كودى قاتارلىقلارنى ئۆگەتتى. تەلىمچى ئۇنىڭغا خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان هامان ئايروپىلان بىلەن مېكسىكا شەھرىگە بېرىشنى، قولىغا «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى ئېلىپ بەلگىلەنگەن ساتىراشخانىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشنى، شۇ چاغدا ئوخشاشلا «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنى كۆتۈرۈۋالغان بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ناۋادا ك گ ب ئۇنى قاچۇرۇۋېتىش كېرەك، دەپ قارىسا، نامسىز بىر كىشى ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ: «قىينىق سۆسۈن رەڭلىك تۈن پەردىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن هويلا تېمىنى توسۇۋالغان چاغدا» دەپ ئوختۇرۇش قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە ئۆزىگە لايىھەلەپ بېرىلگەن، «كاپىتالىزم ھەمىشە تىنچلىقتا تەھدىت سالىدۇ» دېگەن سۆز ئاساسىدا تۈزۈلگەن مەخپىي شىفىرنى ئىگىلىشى شەرت ئىدى.

بۇ مەزگىلدە ك گ ب ماك كېنبونىڭ تۇرمۇشىنى ئىمكانقەدەر كۆڭۈللۈك ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى. نىك «خاررى» ئىسىملىك بىر ئوفىتسېر بىلەن ھەمىشە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ چەت ئەللىكلەر تۇرىدىغان رايونغا بېرىپ تاماشا قىلدى. بىر كۈنى كەچتە، بېرلىندا ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغان پاۋلا ياش خوتۇننى ئەگەشتۇرۇپ كېلىپ ئۇنى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇچەيلەن جالاقشىپ تۇرىدىغان بىر ئەسكى پىكاپقا چىقىپ يۈرۈپ كەتتى. ماك كېنبو ماشىنىنىڭ يېرىم يولدا بۇزۇلۇپ قېلىشىدىن تولىمۇ ئەنسىرىدى. ماشىنا بەك مەينەت بولغاچقا، يولدا ساقچىلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا ئۇچرىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، پاۋلا بىر ماشىنىسىنىڭ بولغانلىقىدىن يەنىلا ناھايىتى كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ماشىنىسىنىڭ ئوغرىلىنىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا كېرەك، ئاشخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئوت ئالدۇرۇش قۇرۇلمىسىنىڭ سىمىنى ئۈزۈۋەتتى.

ماك كېنبو يەنە تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ك گ ب ئوفىتسېرى ئالېكسىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشتى. بۇ كىشى ياتاق بىناسىغا كەلگەندە، ماك كېنبو ھەمىشە چوڭ توغرالغان كالا گۆشى ۋە شامپان بىلەن تەييارلانغان كاتتا زىياپەتتىن بەھرىمەن بولالايتتى. ئالېكسى يەنى ئالېكساندىر M . فېمىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ك گ ب نىڭ ۋاشىنگتوندىكى دائىمىي ۋەكىلى بولۇپ قالدى، كېيىن كارېب كرىزىسى مەزگىلىدە تونۇلغان شەخسكە ئايلاندى. يادرو ئۇرۇشى خەۋپىگە دۇچ كەلگەن پەيتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالاھىدە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ك گ ب ئارقىلىق ئامېرىكا بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەشتى. فېمىن كېيىنچە ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلەنگەن ئېقىم مەسىلىرى ئوبزورچىسى جون سكالى بىلەن ئىككى قېتىم مەخپىي ئۇچراشقان، روسىيىلىكلەر ئۇنىڭ ئاقسارايغا يېقىنلىشالايدىغانلىقىنى بىلگەن، شۇڭا ئۇنى كرېمىل سارىيىنىڭ ئاغزاكى خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلغان. ماك كېنبونى تەربىيىلەش، يېتەكلەش ۋە كۆتۈشكە مۇشۇنداق مۇھىم ئادەمنى ئورۇنلاشتۇرۇش ك گ ب نىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك چوڭ ئۈمىد باغلىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

ماك كېنبو موسكۋاغا يېتىپ كەلگەننىڭ 3 ـ ھەپتىسى، ئالېكسىي، خاررى، نىك ئۇچەيلەن ئۇنى ك گ ب ئامېرىكىغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقان بىر ئايال جاسۇس بىلەن توي قىلىشقا كۆندۈردى. ئۇ بۇنىڭدىن ك گ ب نىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى پىلانىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ يەتتى. مۇنداق مەنپەئەت مەقسەت قىلىنغان توي قىلىش ئارقىلىق، ئايال ئائىلىنىڭ ئايال خوجايىنى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقاتتى، خىزمەت قىلىش بىلەن پول تېپىشقا

هاجىتى چۈشمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇس مەخپىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتالايتتى. ئەمما بۇنىڭ قىيىن تەرىپىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا ھەمىشە جىددىي مۇناسىۋەت پەيدا بولۇپ تۇراتتى. شۇ سەۋەبتىن يالغان نىكاھ چېنىپ قالاتتى ياكى ئىككىيلەن ھەقىقەتەن بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، شەخسىي تۇرمۇشنى مەخپىي پائالىيەتنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالاتتى. ك گ ب ئەر جىنسداش بولسىلا بۇ خەۋپلەرنىڭ ھەممىسىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى.

ماك كېنبو بۇ تەلەپكە نېمىشقا قوشۇلغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئەتىسى ئاخشىمى ئۈچ ئوفىتسېر ئۇنى بىر تىياتىرخانىغا باشلاپ باردى. ئۇ بىر ئايالنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئايال قىزىل چاچ، كۆك كۆز، قەيسەر چىراي، زىلۋا، چىرايلىق بولۇپ، ئەمدىلا 30 ياشتىن ئاشقاندەك قىلاتتى. ئىككى كۈندىن كېيىنكى ئاخشىمى ئالېكسىي، خاررى، نىك ئۈچەيلەن ھېلىقى ئايالنى ياتاق بىناسىغا باشلاپ باردى ھەمدە ئۇنى «ئېلىنى» دەپ تونۇشتۇردى.

— ئىنگلىزچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيمەن، كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ قولىنى ئۇزىتىپ، — ئۇنى ئىشلەتمىگىلى ناھايىتى ئۇزاق بولدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئامېرىكا تەلەپپۇزىنى ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەيتتى.

— سىز موسكۋادا نېمە قىلىسىز؟ دېمەكچىمەنكى، نېمە خىزمەت قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى ماك كېنبو.

— سىزگە ئوخشاشلا سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

بىر ھەپتىدەك ۋاقىتتا، ك گ ب نىڭ ئوفىتسېرلىرى ماك كېنبو بىلەن ئېلىنىغا ھەمراھ بولۇپ ئاشخانا، تىياتىرخانىلارغا تىياتىر ۋە بالېت كۆرۈشكە باردى ۋە ئىككىسىنىڭ يېقىنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ياتىقىغا يالغۇز بېرىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئېلىنى ئۇنىڭغا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆزىنىڭ تېخى ئون نەچچە ياش تۇرۇپلا سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىزانلىرى ئىچىدە رادىست بولغانلىقىنى، كېيىن مەخپىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكىنى دەۋەتتى. ئۇ بۇرۇن يەر ئاستى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن چەت ئەلدە توي قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئامېرىكا توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارغا ناھايىتى سەزگۈر ئىدى. ئۆزىنىڭ دىنىنى ناھايىتى چۈشىنىدىغانلىقىنى، چېركاۋغا بېرىشتىنمۇ بىزار ئەمەسلىكىنى ئېيتتى.

ئىككىسى ئۈچىنچى قېتىم ياكى تۆتىنچى قېتىم ئايرىم ئۇچراشقان ئاخشىمى، ئېلىنى ئۇنىڭ ياتىقىدىن قايتىپ كەتمەكچى بولغان چاغدا، ماك كېنبو بىر مەھەللىك ھاياجان بىلەن ئۇنى بىللە قونۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ بۇرۇنمۇ ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما، ھەمىشە يۈزى چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇ قېتىم نېمىشقا تۇساتتىنلا ئېلىنىنى تەكلىپ قىلغانلىقىنى ماك كېنبو ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئېلىنى بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ:

— مەنمۇ خالايتتىم، ئەمما ھازىرچە بولمايدۇ، ئايال خىزمەتكار مەلۇم قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىرقى باسقۇچتا مۇناسىۋەتنى قايسى دەرىجىگىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن، — دېدى ۋە: «كېيىنچەرەك بولسۇن» دېمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ يۈزىگە ئاستاغىنە سۆيۈپ قويدى.

ك گ ب ئۇ ئىككىسىنىڭ چىقىشىپ قالغان ـ قالمىغانلىقىنى يەنىمۇ ئېنىقلاش

ئۇچۇن، ئىككىسىنى لېنىنگرادقا بېرىپ دەم ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئېلىنى مېھمانخانىدا ئۆزىنىڭ چوقۇم باشقا بىر ئۆيدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە:

— سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ، — لېكىن، كېرەك يوق، بىز دوست سۈپىتىدە دوستانە ئۆتۈپ كەتسەك بولىدۇ.

ك گ ب مۇ شۇنداق ئويلىغانىدى. ئالېكسىي موسكۋاغا قايتىپ كېلىپلا ماك كېنبوغا توي قىلىش ئىلتىماسىنىڭ تەستىقلانغانلىقىنى، ئۇ ئامېرىكىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن يېڭى جېرسىدا ئېلىننى كۈتۈۋېلىش ھەم شۇ يەردە توي قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق تاپشۇرۇپ ئالدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

— سىلەرنىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. سىنىڭ سودا ـ سانائەتچى بولۇپ، پۇل تېپىش ـ تاپماسلىقىڭغا پەرۋا قىلمايمىز. مۇھىمى ۋاشىنگتوندا تۇرۇپ، ئۆزۈڭ قىزىقىدىغان كىشىلەر بىلەن تونۇشۇش ئاساس بولۇشى كېرەك. كونكرېت ۋەزىپەڭنى ۋاقتى كەلگەندە ئېيتىپ بېرىمىز.

ك گ ب ماك كېنبونىڭ بىر ۋەزىپىنى دەرھال ئورۇنلىشىغا موھتاج ئىدى. بۇ گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما ئۇ چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىش ئىدى. روسىيىلىكلەرگە مەلۇم ئىدىكى، 1959 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى جونسون تېكساس شتاتىدىن فرانسىيىنىڭ ئورلېئاندىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيە بازىسىغا يۆتكىلىپ بارغانىدى، شۇڭا ئۇنى يەنە بىر قېتىم يېڭىۋاشتىن خىزمەتكە تەيىنلىمەكچى بولۇشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن ماك كېنبو بېرلىن ئارقىلىق پارىژغا ئۇچۇپ بارغان، يەنە پويىز بىلەن ئورلېئانغا كەلگەنىدى. ئۇ ۋوگزالنىڭ يېنىدىكى كونا بىر مېھمانخانىدا جونسون بىلەن خېئادىنى ئىزدەپ تاپتى ـ دە، ئۇلار بىلەن ئۈچ ـ تۆت كۈن بىللە تۇردى، جونسونغا پارىژدا قانداق قىلىپ ك گ ب بىلەن ئۇچرىشىش توغرىسىدا تەپسىلىي يوليورۇق بەردى، ئاندىن ئامېرىكىغا قايتىپ كەتتى.

(داۋامى بار)

(«ك گ ب ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مەخپىي ساقچىلىرىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى» ناملىق كىتابتىن)

تەھرىرلىگۈچى: **قادىر راخمان**

(بېشى 65 ـ بەتتە)

كۆرۈپلا گەپمۇ قىلماستىن قوش ئاباتار ئوۋ مىلتىقىنى قولىغا ئالدى.

— سىزنى ئاتتىمۇ؟

— ھەئە!

— ھە، ئاخىرى ئوق تېگىپتۇ ـ دە!

— نەدىكى، ئەسلىدە ئايالىم بىر ياغاچ توقماق بىلەن كاسامغا ئۇرغانىكەن.

— ماڭا قاراڭ، بىمار، ئەگەر مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولغان بولسام، ئاللىبۇرۇن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالغان بولاتتىم، — دېدى دوختۇر تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ ئوپېراتسىيە پىچىقىنى بىمارنىڭ پېشانىسىگە تەڭلەپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە، يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ مانا مەن ئالدىڭىزدا يېتىۋاتىمەنغۇ؟

(«مىكرو ھېكايىلەردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: **قادىرراخمان**



# 1947 ـ يىلى فىرانسىيە كومموئنىزمدىن قانچىلىك يىراقلىقتا ئىدى؟

خەن رېنچۈەن
ئامنۇر ماجى ياقۇت ئانات تەرجىمىسى

**1945 ـ يىلدىن 1947 ـ يىلغا قەدەر، ئۇدا ئۈچ يىل ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا، فرانسىيە كومپارتىيىسى ئېرىشكەن سايلام بېلەتى سانى ۋە ئورۇن تەرتىپى جەھەتتە ھەر قايسى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. 1947 ـ يىلى باش شۇجى مورىس تورىس 4 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى بولۇپ، ئەينى يىلى «دەۋر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسىغا سۈرىتى بېسىلغانىدى. 1944 ـ يىلى فرانسىيە ئازاد بولغاندىن بۇيان، فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ شانلىق نەتىجىلىرى سىياسىي پارتىيىلەر بىلەن ئامېرىكىنى ساراسىمىگە سېلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ھېس قىلىشىچە شۇ چاغدا فرانسىيىنىڭ كومموئنىزم بىلەن بولغان ئارىلىقى پەقەت بىر قەدەملا قالغانىدى ....**

1944 ـ يىلى ئۆكتەبىردە پارىژدىكى «ئىنسانپەرۋەرلىك گېزىتى» ئىشخانىسىدا، پىكاسو فرانسىيە كومپارتىيىسىگە رەسمىي ئەزا بولۇپ كىردى. مۇراسىمغا قاتناشقانلار ئارىسىدا شائىرلاردىن لۇئىس ئاراگون، پائۇل ئېلۋارد، رەسسام ئاندىرى فورىلوند، يازغۇچى ئالبېرت كامۇس قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار پىكاسونىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى كۆزدە تۇتۇش يۈزىسىدىن تەكلىپ قىلىنغانىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئەينى دەۋردە شۇ زاماننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سەنئەتكارى، بۇ كومموئنىزم ھەرىكىتىنىڭ غايەت ئۇلۇغ غەلىبىسى ئىدى. ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، ئامېرىكىدا چىقىدىغان سولقانات پىكىر ئېقىمىغا تەئەللۇق ژۇرنال «يېڭى ئاۋام» نىڭ مۇخبىرى ئۇنى زىيارەت قىلغان چاغدا، پىكاسو ئۇنىڭغا بۇ قارارىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇنىڭ خۇسۇسىي ئىدىيىسىنىڭ مەنتىقىلىق تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن ئىدى.

— مەن بىر كومموئنىزمچىغا ئايلاندىم، چۈنكى، مېنىڭ پارتىيەم باشقا پارتىيىلەرگە قارىغاندا، دۇنيانى تېخىمۇ بەك چۈشىنىدۇ، بۇ دۇنيانى تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ قۇرۇپ چىقىدۇ، ھەممىدە كىشىنى تېخىمۇ ئۇيغاق مۇتەپەككۇرغا ئايلاندۇرۇپ، تېخىمۇ ھۆرلۈككە ھەم شاد ـ خۇراملىققا ئېرىشتۈرىدۇ. مەن بىر كومموئنىستقا ئايلاندىم. چۈنكى، كومپارتىيە فرانسىيىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەم مېنىڭ ۋەتىنىم ئىسپانىيىدە ئەڭ قەھرىمان بىر پارتىيە

بولغاچقا، مەن كومپارتىيىگە كىرگەندىن بۇيان شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەن ئەزەلدىن مۇنداق ئەركىن ـ ئازادە بولۇپ باقمىغان، چۈنكى، مەن ئۆز قېرىنداشلىرىم بىلەن بىرگە بولالىدىم...

كېيىنكى مەزگىللەردە، پىكاسو بوياق، سىدام سىزما، خەۋەر ۋە ئېلانلىرى ئارقىلىق كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىپ، كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرگەن بىر بايراقدارغا ئايلانغاندى. ئەنە شۇ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇ كومپارتىيە ئۈچۈن قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. ھەر قانداق بىر كوممۇنىزم ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئاشۇ تاقىر بېشى ھەم مۇسكۇللىرى يېتىلگەن گەۋدىسى بولمىغان ئەھۋالدا ھەرگىزمۇ مۇكەممەل بولالمايتتى.

**فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ شەرىپى ۋە ئارزۇسى**

مەيلى رەسسام فېرنىناند لېگىرنىڭ كومپارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەنلىكى ياكى ياش پائۇل سارترى بىلەن سىميون بوفوۋانىڭ قىزغىن ئەگەشكۈچىلەرگە ئايلانغانلىقى ۋە ياكى پىكاسونىڭ كوممۇنىزمغا بولغان قىزغىن سەممىيىتى بولسۇن، بۇ ھەممىسى بىر ئەۋلاد زىيالىيلارنىڭ ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ھەقىقىي ئوبرازى ئىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، 1944 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ ئازاد قىلىنىشى بىر تۇرلۇك يېڭى باشلىنىش بولۇپ، ئەنە شۇ خىل يېڭى ئۈمىدكە ۋەكىللىك قىلالايدىغان كومپارتىيىدىن باشقا ھېچقانداق بىر پارتىيە يوق ئىدى. بىرىنچىدىن، كومپارتىيە ئىشچىلار سىنىپىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان سىياسىي پارتىيە ئىدى، شۇڭا كېلەچەكنى پرولېتارىيات سىنىپىغا مەنسۇپ قىلىش ئۈچۈن، ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بارلىق كۈچلەرنىڭ كومپارتىيە ئەتراپىدا تۇرۇش بۇرچى بار ئىدى. ئىككىنچىدىن، ناتسىستلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى داۋامىدا، فرانسىيە كومپارتىيىسىدىن 75 نىڭ نەپەر ئىنقىلابىي قۇربان مەيدانغا كەلگەنىدى.

فرانسىيە كومپارتىيىسى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى داۋامىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ئابرۇيى تېخىمۇ ئۆسكەن بولۇپ، پۇرسەت تۇغۇلسىلا، فرانسىيە كومپارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەرگەن قۇربانلىرىنى كۆچەپ تەشۋىق قىلاتتى. فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ستالىن خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاتىسىغا ھەم كوممۇنىزمنىڭ فاشىستلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشىگە ئاساس ياراتقان ئارخېتېكتورغا ئايلانغان بولۇپ، گويا ئىلاھىي ئىنسانىدەك ئۇلۇغلىنىۋاتاتتى. 1949 ـ يىلى فرانسىيە كومپارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «بېرلىن ئۇرۇشى» ناملىق كىنو فىلىمىنى قويۇشقا تەشكىللىگەندە، ستالىننىڭ ئوبرازى ھەر قېتىم ئېكراندا ئايان بولۇشى بىلەنلا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇرغانىدى.

ئەڭ ئاخىرقى بىر سەۋەب شۇ بولدىكى، فرانسىيە كومپارتىيىسى ئائىلىۋى تۇس ئالغان بىر قاتار شەخسىي مۇناسىۋەتلەرگىمۇ ۋەكىللىك قىلغانىدى. باش شۇجى مورىس تورىس رەھبەرلىكىدە فرانسىيە كومپارتىيىسى ئەڭ يۇكسەك پەللىگە يەتتى. مورىس تورىس بىر كان ئىشچىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئېگىلمەس قەيسەر روھ ۋە جەڭگىۋارلىقتا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيە ئىچىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن نۇرغۇنلىغان ناخشىلاردا ئۇنىڭ قەھرىمانە ئوبرازىغا مەدھىيە ئوقۇلغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن جېنىنت ۋېلمىسيۇ (ئۇنىڭ جورىسى، يەنى باللىرىنىڭ ئانىسى) ئىككىسى مەركىزىي كومىتېتقا يولباشچىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە، فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئۆز

گېزىتى، كۇلۇبى ۋە ئۇيۇشمىلىرى، ھەتتا ئۆز بانكىسىمۇ بار بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇتلۇق بايرىمىمۇ بار بولغان بىر كىچىك جەمئىيەتكە ئايلانغانىدى. «1 ـ ماي» بايرىمى بىلەن ھەر يىلى سېنتەبىر ئېيىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «ئىنسانپەرۋەرلىك بايرىمى» زور بىر تۈركۈم پارىژ ئاھالىسىنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى، پارتىيە ئەزالىرى ھەر ھەپتىلىك يىغىلىشلارغا قاتنىشىپ، كۆز قاراشلىرىنى يۇكسەلدۈرۈپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى ۋە تەۋەلىك قارىشىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مانا مۇشۇنداق كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە قاتنىشىش گويا بىر تۈرلۈك يېڭىچە تۇرمۇش شەكلىگە قۇچاق ئاچقاندەك بىلىنەتتى، ھەر يىلى ئەزالىق گۇۋاھنامىلىرىنى يېڭىلاپ تۇرۇشمۇ، خۇددى شاراب ئىچىش، غىزالىنىش ۋە ئۇسسۇل ئويناش قاتارلىق شادىيانە ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى پارلاق دەۋرى بىلەن ئۇنىڭ ئىلگىرىكى 20 يىللىق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە شەكىللىنىش جەريانى تولىمۇ روشەن سېلىشتۇرما بولالايدۇ. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى داۋامىدا فرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئۇرۇشخۇمارلىق پوزىتسىيىسىدىن نەپرەتلىنىش، شۇنداقلا، روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبىسىنىڭ جەلپ قىلىشى تۈپەيلى، 1920 ـ يىلى تۇرى شەھىرىدە ئېچىلغان يىغىندا، سوتسىيالىستلار پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى بۆلۈنۈپ چىقىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا ئەزا بولۇپ كىردى. لېكىن، شۇنىڭدىن باشلاپ، فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ يولى مۇشەققەتلىك ئۆتكەلگە دۇچ كەلدى. چۈنكى، باشقىلار ئۇنىڭغا «موسكۋانىڭ ترويا ياغاچ ئېتى» (يوشۇرۇن خەۋپ دېگەن مەنىدە ـ ت) دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. 1921 ـ يىلىدىن 1923 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە ئەزالىرىنىڭ سانى ئازىيىپ، 130 مىڭدىن 28 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ تەقدىرىنى خەلق فرونتى ئۆزگەرتىۋەتتى. كوممونىستىك ئىنتېرناتسىئونال 1933 ـ يىلى گىتلېرنىڭ ھوقۇقنى ئىگىلىگەنلىكىدىن قاتتىق چۆچۈپ، سىنىپىي كۈرەشنى ئاساس قىلغان ئىنقىلاب يولىدىن ۋاز كەچتى ھەمدە كومپارتىيىنى كېڭەيتىپ، فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاق قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى مۇراجىئەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مورىس تورىس فرانسىيە كومپارتىيىسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن بىردەك ئالاقە قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، كومپارتىيە ھەرگىزمۇ ئىمپورت قىلىنغان بۇيۇم ئەمەس، بەلكى 1789 ـ يىلىدىن باشلاپ يىلتىز تارتىپ كېلىۋاتقان فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەنئەنىۋى پارتىيىسى ئىدى. 1936 ـ يىلىدىكى مەملىكەتلىك چوڭ سايلامدا، فرانسىيە كومپارتىيىسى 1 مىليون 500 مىڭ سايلام بېلىتىگە ئېرىشىپ، ئىلگىرىكى قېتىمقىغا قارىغاندا 800 مىڭدىن ئارتۇق ئاۋازغا ئىگە بولدى. ئەمما، ياخشى كۈنلەر ئۇزاققا بارمىدى، 1939 ـ يىلى «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق كېلىشىمى» نىڭ ئىمزالىنىشى فرانسىيە كومپارتىيىسىگە نىسبەتەن ئەجەللىك زەربە بولدى. پەقەت 1941 ـ يىلى 22 ـ ئىيۇن كۈنى گىتلېر ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ كۈچى قايتا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

**باشقا پارتىيىلەر فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ يېڭى سۇيىقەست پىلانلىشىدىن گۇمانسىراپ ساراسىمىگە چۈشتى**

فرانسىيە كومپارتىيىسى فاشىزمغا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى جەريانىدا، ھەممىگە ئېنىق بولغان قەھرىمانانە ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر

بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇشتىن كېيىن تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك قوللاشقا ئېرىشتى. 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى 500 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، بۇ ئەھۋال فرانسىيىدىكى باشقا پارتىيىلەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇرۇشتىن كېيىن ئېھتىياتچانلىق ئىستراتېگىيىسىنى قوللاندى. چۈنكى، ستالىن فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. مۇستەقىل تەرەققىي قىلىشنى قوغلىشىدىغان ھېلىقى بىر تۈركۈم رەھبەرلەر، مەسىلەن، گېئورگى گانگوئان چەتكە قېقىۋېتىلدى. فرانسىيە كومپارتىيىسى ئۆز ئەزالىرىنى ۋە قوللىغۇچىلىرىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننى قۇرۇپ چىقىشقا چاقىردى. ئىشچىلاردىن يەڭنى تۈرۈپ، قاتتىق ئىشلەش تەلەپ قىلىندى. كوممۇنىزمچىلارنىڭ بىر مەشھۇر خەۋىرىگە: «بىزنىڭ بىردىنبىر مەسئۇلىيىتىمىز — مەھسۇلات مىقدارىدىن ئىبارەتتۇر» دېگەن ماۋزۇ قويۇلغانىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىككى يىلدا، فرانسىيىدە ھەقىقەتەن ئىش تاشلاش ھادىسىسى يۈز بەرمىدى.

فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ بۇ خىل سالماق مۇقامى باشقا پارتىيىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ ھېس قىلىشىچە، كومپارتىيە سۇيىقەست پىلانلاۋاتقاندەك ئىدى. سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ پېشقەدەم ئەزاسى لىئون بروم ھەسرەت ئىچىدە شۇنى تونۇپ يەتكەن ئىدىكى، شەرقىي ياۋروپادىكى كوممونىزمچى سىياسىي پارتىيىلەر ئىتتىپاق تۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى ئۆزلىرى تەرەپكە تارتىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ فرانسىيە كومپارتىيىسى بىلەن ھەر قانداق شەكىلدە ئىتتىپاق تۈزۈشكە ياكى بىرلىككە كېلىش خۇسۇسىدا سۆھبەتلىشىشكە قارشى ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، باشقا چوڭ سىياسىي پارتىيىلەرمۇ، مەسىلەن، ئومۇمخەلق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى، يەنە فرانسىيىدىكى ئەڭ چوڭ پارتىيە — خىرىستىئان دېموكراتلار پارتىيىسى قاتارلىقلار گەرچە ھەمكارلىشىشنى ماقۇل كۆرگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن كېيىنچە، كومپارتىيىنىڭ تەدرىجىي سىڭىپ كىرىشىدىن قورقۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالغا قاراپ، فرانسىيە كومپارتىيىسى ئومۇمخەلق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنى «سابىق ۋېئىس ھۆكۈمىتىنى قوللىغۇچىلارنىڭ بىخەتەر پاناھگاھى» دەپ ئاتىدى. 1945 ـ يىل 13 ـ ئۆكتەبىر كۈنى نامسىز بىلەت تاشلاش ئارقىلىق دېگولل ئۇرۇشتىن كېيىنكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن ئېسى ـ يادى بىلەن كوممۇنىستلارنى مۇھىم ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىن، بولۇپمۇ، ئىچكى سىياسىي تارماقلاردىن، ھەربىي ۋە دېپلوماتىيە تارماقلىرىدىن سىقىپ چىقىرىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالغا فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنى بېسىۋالمىغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق غەزەپلەندى، ئۇلار بۇنى فاشىزمغا قارشى ھەرىكەتكە قىلىنغان ھاقارەت دەپ قارىدى. ئاشكارا قارشىلىق قوزغاش بولسا، پەقەتلا ۋاقىت مەسىلىسى ئىدى. زىددىيەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى 4 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، دېگوللغا لازىم بولۇۋاتقىنى — ھوقۇق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى باشلىقنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن ئاساسىي قانۇن ئىدى. ئەمما فرانسىيە كومپارتىيىسى بولسا، بارلىق ھوقۇقنى مەملىكەتلىك قۇرۇلتايغا مەركەزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. دېگوللغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ قۇرۇلتاي ھۆكۈمەتنى قايتىدىن 3 ـ جۇمھۇرىيەتنىڭ كونا يولىغا باشلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1946 ـ يىل 13 ـ يانۋار كۈنى ئۇ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەردى، ئۇنىڭ ئىستېپاسى قارشى پىكىردىكىلەرنى كۈچەيتىۋەتتى.

1946 ـ يىل 13 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئومۇمخەلق بېلەت تاشلاش ئارقىلىق ئاساسىي قانۇننى ماقۇللىدى، دېگولل سايلامدا غەلىبە قىلدى. ئاساسىي قانۇندا ئەڭ ئاخىرىدا پارلامېنت دۆلەتنىڭ مەمۇرىي باشلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلدى. گەرچە، ئومۇمخەلق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى بىلەن فرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىش تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغىنىغا يوشۇرۇنچە خوشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن پەقەت ئۈچتىن بىر قىسىم سايلىغۇچىلار بېلەت تاشلىدى. 8 مىليون سايلىغۇچى ھوقۇقىدىن ۋاز كەچتى، بۇ ئەھۋال، بۇ يېڭى ھاكىمىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەرگىزمۇ پارلاق ئىستىقبالدىن دېرەك بەرمەيتتى.

ئومۇمخەلق قارار قىلغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن ئومۇمىي سايلامدا فرانسىيە كومپارتىيىسى % 28.5 سايلام بېلىتىگە ئېرىشىپ، ھەر قايسى سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىغا ئۆتتى. 1947 ـ يىلى يانۋاردا مورىس تورىس ئۈچ پارتىيە (فرانسىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى، فرانسىيە ئومۇمخەلق جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ۋە فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى) دىن تەشكىل تاپقان ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى بولۇپ، فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئورنى ئېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئەينى چاغدىكى باش مىنىستىر پائۇل رامادىيېرنىڭ يېڭى ھۆكۈمەتتە ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشى شاد ـ خۇراملىق بىلەن شۇملۇقنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشى ھېسابلىناتتى، چۈنكى؛ فرانسىيە ئىقتىسادى ۋەيران بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالغانىدى. ئازادلىق كىشىلەرگە بەختلىك تۇرمۇشقا نىسبەتەن يېڭى ئۈمىد بېغىشلىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە، ئەھۋال ئېخىمۇ يامانغا ئۆزگىرىۋاتاتتى.

1945 ـ يىل ئاپرېلدىن 1947 ـ يىل ئاپرېلغىچە بولغان ئارىلىقتا، بىر سائەتلىك ئىش ھەققىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى 41 ھەسسە چۈشۈپ كەتتى، 1947 ـ يىل ماي ئېيىدىن ئۆكتەبىر ئېيىغىچە بولغان ئارىلىقتا پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى % 43 ئۆرلەپ كەتتى. 1947 ـ يىلى فرانسىيىنىڭ ئازاد بولغىنىغا ئۈچ يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما، بولكا بىلەن تەمىنلەش نىسبىتى ۋېئىس ھۆكۈمىتى (2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى فرانسىيە قورچاق ھۆكۈمىتى ـ ت) دەۋرىدىكىدىنمۇ تۆۋەنلەپ، ئەھۋال بىر قەدەر جىددىي ئىدى.

### كومپارتىيىنىڭ پات ئارىدا فرانسىيىنى ئۆز قولىغا ئالىدىغىنىغا ئامېرىكىنىڭ كۆزى يەتتى

ناۋادا قاباھەتلىك ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئۈچ پارتىيە ئىتتىپاقىنى پارچىلىۋەتتى دېيىلسە، ئۇنداقتا، ئېخىمۇ زور قۇدرەتكە ئىگە بولغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى كۈچلىرى ئۇلارنى چاك ـ چېكىدىن پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. 1947 ـ يىل 12 ـ ماي كۈنى، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترۇمېن ئۆز نۇتقىدا كوممۇنىزمنى جەزمەن تىزگىنلەش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن، ترۇمېننىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى جورجى مارشال ياۋروپا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشكە ياردەم قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مارشالنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش پىلانىنى ئىزاھلاشتىكى مەقسىتى، دۇنيانى نورمال ھەم ساغلام بولغان ئىقتىسادىي تەرتىپ يولىغا قايتۇرۇپ كېلىشكە ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللىنىش ۋۇجۇدقا كەلمىسە سىياسىي جەھەتتىكى مۇقىملىقنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچلىقنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مارشالنىڭ

پىلانى 1948 ـ يىلىدىن باشلىنىپ، 1951 ـ يىدىلى ئاخىرلىشاتتى ۋە بۇنىڭغا قاتناشقان ئالتە دۆلەتنى 12 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ياردەم بىلەن تەمىنلەيتتى. ستالىن شۇ ھامان بۇنى شەرھلەپ: «مارشالنىڭ پىلانى ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كېڭەيتىش سۇيىقەستىدىن ئىبارەت» دەپ جاكارلىدى ۋە بۇ پىلان تەركىبىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ قاتنىشىشىنى چەكلىدى ھەمدە غەرب ئەللىرىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنى بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈشكە چاقىردى.

فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىككى يىللىق جۇشقۇن تەرەققىياتىنى ئويلاشقاندا، فرانسىيىنىڭ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىكى ئاساسلىق جەڭگاھقا ئايلىنىپ قالغانلىقىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. 1947 ـ يىل 22 ـ فېۋرالدا، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى دېئان ئاچېسون كومپارتىيىنىڭ پات ئارىدا فرانسىيىنى ئۆز قولىغا ئېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىدىن ترومىننى ئاگاھلاندۇردى. شۇڭا، ئامېرىكا رامادىيرغا ئۇلارنىڭ فرانسىيە ھۆكۈمىتى تەركىبىدە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ بولۇشىنى ھەرگىز قوبۇل كۆرمەسلىكى كېرەكلىكىنى ئېنىق ئەسكەرتتى. رامادىيرنىڭ ئۆزىمۇ فرانسىيە كومپارتىيىسى ئەزالىرىدىن تەيىنلەنگەن مىنىستىرلارنىڭ ئۇلار جىددىي موھتاج بولۇۋاتقان ئىقتىسادىي ياردەمگە توسالغۇ بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇرسەت تاپسىلا، ئۇلارنى ھۆكۈمەت تەركىبىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇ 4 ـ ماي كۈنى ئىش ھەققى بىلەن تاۋارلارنى تىزگىنلەشكە دائىر قانۇن لايىھىسىنى شەپقەتسىزلەرچە ماقۇللىدى. ئۇ بۇنى ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى كوممۇنىستلارغا قوبۇل قىلدۇرۇش تەس ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. دەرۋەقە، فرانسىيە كومپارتىيىسى ئەزالىرىدىن تەيىنلەنگەن مىنىستىرلار بېلەت تاشلاش ئارقىلىق بۇ قانۇن لايىھىسىگە قارشى چىقتى، ئەتىسىلا، رامادىير ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى. ئۈچ پارتىيىنىڭ بىرلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. بۇنىڭ مۇكاپاتى بەدىلىگە، 1948 ـ يىل ئاپرېل ئېيىدىن 1952 ـ يىلى يانۋار ئېيىغىچە، فرانسىيە ھۆكۈمىتى 2 مىليارد 629 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ياردەمگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش رامادىير ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزگەرمەس ئەقىدىسىگە ئايلاندى.

ئىشنىڭ ئەڭ يامىنى شۇبولدىكى، دېگولل 1947 ـ يىلى ئاپرېلدا خەلق ئىتتىپاقى پارتىيىسىنى قايتا تەشكىللىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، فرانسىيە خەلق ئىتتىپاقى پارتىيىسى كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇش ماركىسىنى ئۆزىگە چاپلىدى. دېگولل بولسا، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ جەڭ ساۋۇتىنى كىيدى. بىر قېتىملىق خۇپىيانە سۆھبەتتە ئۇ: «فرانسىيە كومپارتىيىسى تامامەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇمران پەنجىسى ئارقىلىق تىزگىنلەنگەن 5 ـ كالوننا، خالاس» دېدى. 27 ـ ئىيۇل كۈنى ئۇ يەنە ئۆز قوللىغۇچىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «سوۋېت ئىتتىپاقى زورلۇق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، بىر قورقۇنچلۇق گۇرۇھ تەشكىللەۋاتىدۇ، بۇ گۇرۇھنىڭ پاسىلى بىزدىن پەقەت 500 كىلومېتىرلا نېرىدا ياكى چەمبەرسىمان ۋېلسىپىت مۇسابىقە مەيدانىدەك، ئىككى پەلەمپەيلا نېرىدا» دېگەنىدى.

## 1947 ـ يىلدىكى چوڭ ئىش تاشلاش

مۇشۇنداق قەستەنلىكلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، فرانسىيە كومپارتىيىسى يەنىلا ھۆكۈمەت تەركىبىگە قايتىپ كېلىشنى ئۈمىد

قىلاتتى. ئەمما، سىنتەبىردە، پولشادا ئېچىلغان
ياۋروپادىكى توققۇز دۆلەت كومپارتىيە رەھبەر-
لىرىنىڭ يىغىنىدا، فرانسىيە كومپارتىيىسى
پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى. يىغىن سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن ئېچىلغا-
نىدى. يىغىندا ستالىننىڭ ۋەكىلى ژدانوف
فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇياد-
قى يولغا قويغان سىياسەتلىرىنى قاتتىق تەن-
قىد قىلدى ھەم بۇرژۇئازىيە سىنىپى ۋە سوت-
سىيال دېموكراتلار پارتىيىسى بىلەن ئىتتى-
پاقلاشقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇلارغا قاتتىق
زەربە بەردى، مورىس تورىسنىڭ ۋەكىلى جا-
كوپىس دۇكلۇس پەقەتلا ئوڭايسىزلانغان ھالدا
سۈكۈت قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇ-
رۇشقا مەجبۇر بولدى. ژدانوف ئۇنىڭغا بۇ
دۇنيانىڭ ھازىر ئىككى چوڭ لاگېرغا بۆلۈن-
گەنلىكىنى، بۇ ئىككى لاگېر ئوتتۇرىسىدا
ھەمكارلىشىش ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى، شۇڭا
فرانسىيە كومپارتىسى ئەمدى ئاشكارا قارشىلى-
شىش يولىنى تۇتۇشى كېرەكلىكىنى ئەس-
كەرتتى.

سىنىپىي كۈرەش كەيپىياتى ئەمدى
پۈتكۈل فرانسىيە زېمىنىنى قاپلىغانىدى.
فرانسىيە كومپارتىيىسى ھازىرقى ھۆكۈمەتنى
«ئامېرىكا كاپىتالىزمىغا تىز پۈكۈپ خۇشامەت
قىلىدىغان غالچا» دەپ جاكارلىدى. 10 - نويا-
بىر كۈنى مارسېلدا، پولات - تۆمۈر زاۋۇتى-
نىڭ تۆت نەپەر ئىشچىسى تراموۋاي بېلەتتى
باھاسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆسۈۋاتقىنىغا نارازىلىق
بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى. بۇ
ۋەقە فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ ئاشكارا قار-
شىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكىتىگە پىلتە يېقى-
ۋەتتى، ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، فرانسىيە
باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دەرھال شۇ جاي-
دىكى ئىشچىلارنى ئىش تاشلاشقا چاقىردى.
ئىككى كۈندىن كېيىن كوممۇنىزمچى رادى-
كاللار سوتخانىغا باستۇرۇپ كىرىپ، قولغا ئې-
لىنغانلارنى قويۇۋېتىشكە سودىيەنى قىستىدى
ھەمدە شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسىغا ھوجۇم
قىلدى. سايلامدا يېڭىدىن غەلبە قىلغان
دېگولل شەھەر باشلىقىنى تۈرمىگە ئەۋەتىشكە
مەجبۇر بولدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى، ئىشچىلار
شەھەرلىك تىياتىرخانا بىلەن بۇرژۇئازلارنىڭ
يىغىن ئۆتكۈزىدىغان قاۋاقخانا ھەم بەزمىخانى-
لىرىنى بۇلىدى. بىر ھەپتە ئىچىدە، ئىش
تاشلاش ھەرىكىتى پارىژدىكى پولات - تۆمۈر
زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشچىلىرى بىلەن فرانسىيىنىڭ
شىمالىدىكى كان ئىشچىلىرى ئارىسىغا قەدەر
كېڭەيدى. ئاي ئاخىرىغىچە 3 مىليون ئىشچى
ئىش تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، فرانسىيە ۋەزىيىتى
بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھالىتىگە كېلىپ
قالدى.

قارىماققا، مەملىكەت بويىچە قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈلۈش خەۋپىدە قالغان بۇ خىل پالەچ
ئەھۋال ئالدىدا، 20 - نويابىر كۈنى رامادىر
ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئومۇمخەلق
جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن بولغان زوڭ-
تۇڭ روبېرت شورمان رەھبەرلىكىدىكى يېڭى
ھۆكۈمەت 80 مىڭ كىشىلىك زاپاس قوشۇن
تولۇپلاپ، تېخىمۇ قاتتىق قول ۋە ھىيلە - مەك-
كىرلىك سىياسەت قوللاندى. ئۇ ئىچكى
ئىشلار مىنىستىرى، سوتسىيالىستلار پارتىيە-
سىدىن بولغان جۇرىس موكنى قول سېلىپ
ئىشلەشكە بۇيرۇدى، ھەربىي قوشۇن مەزكۇر
رايون تەۋەسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئىش تاشلاشقا
رەھبەرلىك قىلغانلاردىن 370 كىشىنى قولغا
ئالدى. فرانسىيىنىڭ شىمالىدىكى كان رايونى
بىر قېتىملىق ھەربىي ئىشغالىيەتنى ئۆز بې-
شىدىن كەچۈردى. 4 - دېكابىر كۈنى، موك
دۆلەت پارلامېنتىدا جۇمھۇرىيەتنى قوغداشنىڭ
جىددىي تەدبىرلىرىنى ماقۇللىتىشقا مەجبۇر
بولدى.

جىددىي تەدبىرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن
شورمان ھۆكۈمىتى ئىشچىلارغا زادىلا يول

بەرمىدى. كېيىنكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە ئىش تاشلاش ھەرىكىتىمۇ جىمىقىپ قېلىشقا باشلىدى. فرانسىيە كومپارتىيىسىنىڭ رادىكال ئىستراتېگىيىسىدىن نۇرغۇنلىغان ئىشچىلارنىڭ رايى يېنىشقا باشلىدى، بولۇپمۇ، 3 ـ دېكابىر كۈنى ئەتىگەندە، پارىژ بىلەن تۇرى ئارىسىدا قاتنايدىغان ئالاھىدە تېز پويىز رېلستىن چىقىپ كېتىپ، 21 نەپەر ئادەم ئۆلۈش ھادىسىسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئىشچىلارنىڭ قىزغىنلىقىمۇ يوقىلىشقا باشلىدى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئالتە كۈندىن كېيىن ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى.

4 ـ جۇمھۇرىيەت ساقلاپ قېلىندى، ئىشچىلارمۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، جەڭگىۋارلىقى سۇنغان، روھى چۈشۈپ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، يېڭىۋاشتىن زاۋۇتلارغا قايتىپ كېلىشكە باشلىدى، قىسمەن ئىشچىلار ئاۋۋال بولۇشىغا ئەيىبلەپ، ئاندىن باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ، فرانسىيە ئىشچىلار كۈچى باش ئۇيۇشمىسىنى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار ھەرىكىتى پارچىلىنىپ، بۆلۈنۈپ كەتتى. فرانسىيە ئىشچىلار كۈچى باش ئۇيۇشمىسى ئامېرىكا قوشما شتات ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ مالىيە جەھەتتىن قوللىشىغا ئېرىشتى، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىشچىلار كۈچى باش ئۇيۇشمىسىنى ئامېرىكا كاپىتالىزمى بىر قوللۇق بۇرنىدىن يېتىلەپ ماڭىدىغان ياغاچ قونچاق دەپ ئاتىدى.

### قولدىن كەتكەن دۇنيا

گەرچە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابى كرىزىس مەزگىلىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش كەيپىياتى داۋاملاشماقتا ئىدى. 1948 ـ يىل فېۋرالدىكى پراگا كوممۇنىزمچىلىرى قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئىلھامى بىلەن، نويابىردا، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى لوۋېر رايونىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئىش تاشلاش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلدى، ئۇلار موك بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچراشتى، تانكىلار كوچىلارغا بۆسۈپ كىردى، بىر قانچە كان ئىشچىسى ئۆلتۈرۈلدى، نەچچە يۈز كىشى تۈرمىگە قامالدى، نەچچە مىڭ ئىشچى زاۋۇتلاردىن ھەيدىۋېتىلدى. فرانسىيە كومپارتىيىسى يەككە ـ يېگانە تايانچسىز قالدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ھوقۇق ئىگىلەش بولماستىن، بەلكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن، فرانسىيە كومپارتىيىسى ئاساسلىق ئۆكتىچى پارتىيىگە ئايلىنىپ قالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا، ئۇ يەنە 20 % سايلام بېلىتىگە ئېرىشەلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سوتسىيالىستلار پارتىيىسى قايتىدىن باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئابرۇي ـ ھەيۋىسى چۈشتى. ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، فرانسىيە كومپارتىيىسى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە ئىستىھكامىنى قولدىن بېرىۋېتىشكە باشلىدى. 1981 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇ يەنە ھاكىمىيەت تەركىبىگە قايتىپ كەلدى. بىراق سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇششاق شېرىكلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، فرانسىيە كومپارتىيىسى تېخىمۇ چەتتە قالغان بىر پارتىيە بولۇپ قالدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ 1947 ـ يىلى ئاچا يول ئېغىزىغا كېلىپ قالغانىدى، ئەينى چاغدا كوممۇنىزم ئىنقىلابىنىڭ كېلەچەك ۋەھىمىسى ھەقىقەتەن فرانسىيە ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىسىنىڭ يۈرىكىگە نىختاپ كىرگەنىدى.

(«دۇنيا بىلىملىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن)

تەھرىرلىگۈچى: **قەيسەر قەييۇم**

# راخمان ماموت تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە

ماھنۇر ھاجى ياقۇپ ئانات

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، خانىملار، ئەپەندىلەر، بارلىق ئۇستاز ۋە كەسىپداش يولداشلار:

بۈگۈن ھەممىمىز بىرلىكتە بۇ تەنتەنىلىك سورۇنغا جەم بولۇپ، راخمان ماموت ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىق ساھەسىگە ۋە شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرجىمە ئىشلىرىغا قوشقان زور تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىلمىي باھا بېرىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇپ ئولتۇرماقتىمىز. دەرۋەقە، راخمان ماموت ئەپەندى تەرجىمە ساھەسىدە بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىزدەنگەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرجىمە خىزمەتلىرىدە مۇئەييەن نەتىجە ياراتقان، شۇنداقلا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش، بېيىتىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە گەۋدىلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلغان ھەمدە تەرجىمە سەنئىتى تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان يېتۈك ئۇستاز تەرجىمانلىرىمىزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دەسلەپتە «دۇنيا ئەدەبىياتى» مەجمۇئەسى نەشر قىلىنغاندىن تارتىپلا جامائەتكە پىششىق تونۇلغان بولۇپ، مەزكۇر مەجمۇئەدە چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇنلىغان نادىر ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىش ئارقىلىق كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنى چەت ئەل ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئەسلىدىنلا دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، تەرجىمە سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەرجىمە ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، تىلىنىڭ راۋانلىقى، ئاممىباب ھەم چۈشىنىشلىكلىكى، ئىپادىلەشتىكى دەللىكى ۋە تىل پاساھىتى ئارقىلىق كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا، قىزغىن ئالقىشىغا ۋە سۆيۈپ ئوقۇشىغا نائىل بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭدىن سىرت، راخمان ماموت ئەپەندى يەنە چەت ئەللەرنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن بىر قانچىلىغان يىرىك رومانلارنىمۇ تەرجىمە قىلىپ، جامائەتكە تونۇشتۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «رەزىل يۈرەك»، «يېۋگېنى گراندى»، «مۇھەببەت ۋە قىساس»، «كۈلپەتلىك مۇھەببەت»، «شەرق ئۇسسۇلچىسى»، «تۇنجى مۇھەببەت»، «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا مۇيەسسەر بولالىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇتقان ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە شۆھرىتى بولسا، يەنە بىرى، ئەسەر تەرجىمىسى سۈپىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرىلىقى، تىلىنىڭ راۋانلىقى ھەم ئوبرازلىق، جانلىق چىققانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتى ھەققىي نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەسەرلەرگە ئۇيغۇر تەرجىمە ئە-

دەبىياتىدىكى بۈيۈك نامايەندىلەر قاتارىدىن ئورۇن بېرىلسە، مېنىڭچە، تامامەن مۇناسىپ كېلىدۇ دەپ قارايمەن. چۈنكى، ھەر قانداق كىشى ئاشۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، ئۇنى تەرجىمە ئەسەر ئەمەس، بەلكى، ئۇيغۇر ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندەك تەسىراتقا كەلمەي قالمايدۇ. بولۇپمۇ، تەرجىمە ئىشلىرىدا ئېغىر چېكىنىش ھادىسىسى كۆرۈلۈۋاتقان ھازىرقىدەك بىر مەزگىلدە، بۇنى ناھايىتى روشەن ھېس قىلىۋالغىلى بولىدۇ، بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت، ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، مەن راخمان مامۇت تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە كونكرېت توختىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىمۇ ئازراق ئەسلەپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

ھەممىگە مەلۇم، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ناھايىتى ئاجىز ئورۇندا بولۇپ، تەشۋىقات ئىشلىرىدا رادىئو ۋە گېزىتلەرگە تايانغاندىن سىرت، ئۇيغۇر مائارىپى ۋە مەدەنىي ئاقارتىش خىزمەتلىرىدە، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن دەرسلىك كىتابلار، تۈرلۈك ژانىرلاردىكى گېزىت ـ ژۇرناللار ھەم ئەدەبىي ئەسەرلەر ئاساس قىلىناتتى. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئاساسەن دېگۈدەك سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى بىلەن ئالمۇتا«يېڭى ھايات» نەشرىياتىدا نەشر قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا كىرگۈزۈلگەن ھەر خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش بىلەنلا چەكلىنەتتى. شۇ كەچۈرمىشلەر ئېنىق يادىمدا تۇرۇپتۇكى، مەن ئۆزۈممۇ ئەمدىلا ئېلىپبە ساۋاتىم چىقىپ، كىتاب ئوقۇشقا كىرىشكىنىمدىن تارتىپلا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلار بىلەن ئۇچراشقانىدىم. ئېھتىمال، شۇ چاغلاردا ياشىغان زاماندىش كىشىلەردىن مەيلى چوڭلار ياكى ياشلار بولسۇن، شۇنداق ھېسسىياتتا بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ئاشۇ كىتابلار گەرچە، شۇ يىللاردا ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ جىددىي مەنىۋى تەشنالىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە قاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ كىتابلارنىڭ تىلى ۋە ئىپادىلەش ۋاستىلىرى رۇس تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمى جەھەتتە، كىشىلەرنىڭ، خۇسۇسەن مېنىڭ دىققىتىمنى ئانچە قوزغىيالمىغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ كىتابلارنى كىشىلەر پەقەت ۋەقەلىك قوغلىشىش يۈزىسىدىن دېگۈدەك ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ كىتابلارمۇ سان جەھەتتىن چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت ـ مائارىپ ۋە ئىلمىي تەتقىقات ساھەلىرىدىكى خىزمەتلەردە يەنىلا چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇراتتى.

مەن بىر زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. كىچىك چاغلىرىمدا، شۇ زامانلاردىكى ئىلىم ئەھلىرىدىن سانىلىدىغان بىر تۈركۈم زىيالىي كىشىلەر بىزنىڭ ئۆيگە توپلىنىپ، تۈرلۈك تېمىلاردىكى ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولۇپ تۇراتتى. شۇ يىللاردا مەن تېخى گۆدەك بولساممۇ، ئەنە شۇ چوڭلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ھەم ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارى ھەققىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىنىڭ نامراتلىقى، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى ھەققىدە ئاغرىنسا، بەزىلىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش پاساھىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، ئۆز پىكىرلىرىنى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاشقا ئۇرۇناتتى. ئەمما، مەن شۇ چاغدىكى بالىلىق تەپەككۇر ئىقتىدارىم بىلەن بۇ سۆھبەتلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتىم.

1950 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مائارىپ نەشرىياتى دېگەندەك بىر قاتار

نەشرىياتلار قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىمۇ راۋاجلىنىشقا ۋە گۈللىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، دەسلەپكى قەدەمدە «يېڭى باتۇرلار»، «قىزىل قىيا»، «ياشلىق ناخشىسى»، «يەنئەن مۇداپىئەسى»، «قىزىل بايراق شەجەرىسى»، «ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدە قىسسە» دېگەندەك بىر قاتار رومانلار ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى. ئاردا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مۇناسىۋىتى بىلەن نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى بىر مەزگىل پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن، 70 ـ يىللارغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى قايتىدىن گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى. دەسلەپتە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «سپارتاك» قاتارلىق ئېلىمىزنىڭ ھەم چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر تارىخىي ـ كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىقىشى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى نەشرىياتچىلىق خىزمەتلىرىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

راخمان مامۇت ئەنە شۇ مەزگىللەردىكى نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە پىداكارلىق بىلەن تۆھپە ياراتقان نەشرىيات خادىملىرىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىلمىي ئەمگىكى «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىن باشلانغان. مەزكۇر روماننىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى كوللېكتىپ ئەمگەك ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسىگە شۇ چاغلاردىكى تەرجىمە ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن پېشقەدەم ئۇستاز تەرجىمانلار رىياسەتچىلىك قىلغان، راخمان مامۇت بولسا، ئەنە شۇ ئۇستازلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، جاپالىق چېنىقىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئىلمىي نەتىجىلىرىگە ئاساس ياراتقان. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇيالايدىغان بىر تۈركۈم خەنزۇ زىيالىيلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇرغان ۋە قايىل قىلغانىدى، مەن چوڭلاردىن خەنزۇ زىيالىيلىرىنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ تىلى خەنزۇچە نۇسخىسىدىنىمۇ جانلىق چىققانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ باھا بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. دېمەك، شۇنىڭدىن مەلۇمكى، مەزكۇر كىتاب ئۇيغۇر تىلى بايلىقىنى ھەمدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتىنى ھەقىقىي نامايان قىلغانىدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنىڭ تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ كىنو ـ تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە مەركىزىگە مەزكۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلەش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. بۇ ئەينى يىللاردىكى تەرجىمە فىلىم خادىملىرى ئۈچۈن بىر مۈشكۈل ھەم جاپالىق ۋەزىپە ئىدى. تەرجىمە مەركىزىنىڭ تەرجىمانلىرى تېخى ياش، كەسپىي تەجرىبىسى كەمچىل، بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغاچقا، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۇلارنىڭ چىقىمىقى تەس ئىدى. شۇڭا، ئىستانسا رەھبەرلىكى راخمان مامۇتنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنى تەرجىمە قىلغانلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ جاپالىق ۋەزىپىگە راخمان مامۇتنى تەكلىپ قىلدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، سېنارىيە تەرجىمىسىگە كىرىشتى. رومان تەرجىمىسى بىلەن سېنارىيە تەرجىمىسى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە تامامەن پەرقلىنەتتى. سېنارىيە تەرجىمىسى دىئالوگنى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ ۋاقىت ھەم ئېغىز ھەرىكىتىنىڭ، ئېكران كۆرۈنۈشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى. شۇنداقلا، سېنارىيە تەرجىمىسىدە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىدىكىدەك ئەركىن تەرجىمە ئۇسۇ-

لىغا يول قويۇلمايتتى. راخمان مامۇت بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دۇچ كەلگەن بۇ مۇشكۇلاتنىمۇ قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ، جاپالىق ئىزدەندى. نەتىجىدە مەزكۇر تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى تېلېۋىزىيىدە تارقىتىلغاندىن كېيىن، كەڭ تېلېۋىزىيە تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. دېمەك، راخمان مامۇت تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىمى ئىشلەش خىزمەتلىرىگىمۇ مۇناسىپ تۆھپە قوشتى.

راخمان مامۇت ئەپەندى تەرجىمە قىلغان ھەر بىر ئەسەر ئۈستىدە كونكرېت توختىلىشقا توغرا كەلسە، ھەر بىر ئەسەردىن بىردىن ئىلمىي ماقالە چىقىشى ئېنىق، ئەمما، مەن ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ ۋەكىللىك سانىلىدىغان «تۇنجى مۇھەببەت» رومانى ئۈستىدە قىسقىچە توختالماقچىمەن.

مەزكۇر رومان مىسىر يازغۇچىسى مۇستاپا ئەمىنىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئەسەردە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ ، 40 ـ يىللىرىدىكى مىسىر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، مىسىر سىياسىي ساھەسىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى ۋە شۇ دەۋردىكى مىسىر خەلقى، بولۇپمۇ، مىسىر ئىشچىلىرىنىڭ ھەم مىسىر ياشلىرىنىڭ سىياسىي كۈرەشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كىتابتا مۇھەببەت، كۈرەش، ئازاب ھەم شادلىق ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ۋەقەلىكلەر، باش پېرسوناژلارنىڭ ئەگرى ـ توقاي تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئاپتورنىڭ قەلىمى گويا فوتو ئاپپاراتىدەك، مىسىرنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئەينەن سۈرەتلەپ بەرگەن. شۇڭا بۇ رومان 1975 ـ يىلى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ، مىسىر ياشلىرى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان مەشھۇر ئەسەرگە ئايلانغان. راخمان مامۇت مەزكۇر ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىگە كىرىشىشتىن بۇرۇن، رومانىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىنى ئېرىنمەستىن ئىككى نۆۋەت ئوقۇپ چىققان. بۇ جەرياندا ئۇ رومان ۋەقەلىكىگە تامامەن چۆكۈپ كەتكەن، چۈنكى، رومان ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، تەرجىمە داۋامىدا ۋەقەلىك پۈتۈنلەي ئۇنىڭ تەپەككۇرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ رومانىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى ئوقۇغان كىشى ئەسەرنى يازغۇچى گويا ئۇيغۇر تىلىدا يازغاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كەلمەي قالمايدۇ. مەن بۇ رومانىنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا دەل ئەنە شۇنداق تۇيغۇدا بولغانىدىم. رومانىنىڭ تىلىمۇ ماڭا شۇنچىلىك گۈزەل تۇيۇلغانىدىكى، ئۇنى مەن گويا شېئىر ئوقۇۋاتقاندەك بىر تۇرلۇك لەززەت ئىلكىدە ئوقۇپ تۈگەتكەنىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەن خېلى نۇرغۇن تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئوقۇدۇم، ئەمما، ماڭا شۇنداق تەسىر كۆرسەتەلىگەن يەنە بىرەر ئەسەرنى ئەسلىيەلمەيمەن. ماڭا تەسىر قىلغىنى رومانىنىڭ ۋەقەلىكىمۇ ياكى ئۇنىڭ تىلىمۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ۋەقەلىكنى تىل بايان قىلىدۇ. ئەگەر تىلغا نامرات، ئىستىلىستىكا ئىلمىدە بەلگىلىك ماھارەتكە ئىگە بولمىغان، تەرجىمە سەنئىتىدە ۋايىغا يەتمىگەن نائۇستا تەرجىمانىنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەر بولسا، ھەر قانچە شەرەپ قازىنىپ، نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەر بولسىمۇ، تەرجىمىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلى ئۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتى تۆۋەنلەپ، كىشىگە تۇزى كەم ئۇماچتىنمۇ بەكرەك لاۋزا تېتىيدۇ، خالاس.

قىسقىسى، مەنمۇ بىر تەرجىمان، مەن ئۆزۈمنىڭ تەرجىمە كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان شۇ بىر مەزگىللىك ھاياتىم داۋامىدا، گەرچە ئالدىغا بېرىپ تەلىم ئالمىغان بولساممۇ، بىر تۈركۈم پېشقەدەم ئۇستاز تەرجىمانلارنىڭ، ئالايلۇق، توختى باقى ئاكا، ئىمىن تۇرسۇن ھاجىم، مەرھۇم مامۇت سابىت ئاكا ۋە ئۇلاردىن باشقا خېلى كۆپ ساندىكى مۇنەۋۋەر كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ قولىدىن چىققان

تەرجىمە ئەسەرلەرنى كۆپلەپ كۆرۈش ئارقىلىق، شۇلارنى ئۆزۈمگە غايىۋى ئۇستاز تۇتۇپ، تەرجىمە سەنئىتىنى ئۆگەنگەنمەن. ئەنە شۇ غايىۋى ئۇستازلىرىمنىڭ بىرى راخمان مامۇت بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا تەرجىمە ئەسەرلىرىمۇ مەندە خېلىلا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. مەسىلەن، فرانسىيىنىڭ 19 – ئەسىردىكى تەنقىدىي رېئالىزمچى يازغۇچىسى بالزاكنىڭ ئەسىرى «يېۋگېنى گراندى»، مىسىر يازغۇچىسى ئېھسان ئابدۇلقۇددۇسنىڭ ئەسىرى «رەزىل يۈرەك»، ئامېرىكا يازغۇچىسى مارگارىت مىچىلنىڭ دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان ئەسىرى «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» قاتارلىق بىر قانچىلىغان ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىمۇ مېنىڭ تەرجىمە كەسپىدە ئالغا ئىلگىرىلىشىمدە ئەينەكلىك رولىنى ئوينىغان.

دېمەك، تەرجىمە سەنئىتى دېگىنىمىز، ئىپادىلەش سەنئىتىدىن ئىبارەت. تەرجىمىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى پەقەت تىل ۋاستىسى ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. ھەر قانداق بىر ئەسەرنى بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا تەرجىمە قىلىشتا ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بېرىش ياكى ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىك، تەرجىمان بولغۇچىنىڭ كەسپىي ماھارىتىگە، ئۇنىڭ ئۆز ئانا تىلى لېكسىكىسىغا باي بولۇشى ياكى نامرات بولۇشىغا، ھەر قايسى تىللارنىڭ ئىلمىي قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ياكى ئىگىلىيەلمىگىنىگە، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم ئاساسىنىڭ پۇختا ياكى ئەمەسلىكىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، ھەر قانداق بىر تەرجىمان ئۆزىدە ئەنە شۇ بىر قاتار شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلىغاندىلا، ئاندىن تەرجىمانلىقتىن ئىبارەت بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. راخمان مامۇت ئەپەندى ئەنە شۇ شەرتلەرنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈنلا، تەرجىمە خىزمىتى ئەمەلىيىتىدە ئەنە شۇنداق ئۆچمەس نەتىجىلەرنى يارىتالىدى ۋە خەلقىمىزگە زور مەنىۋى ھاسىلاتلارنى تەقدىم قىلالىدى. مەن ئۇنىڭ مانا شۇ خىل كەسپچانلىق روھىغا قايىللىقىم ۋە چوڭقۇر ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قەلەمنى تاشلىماي، خەلقىمىزگە يەنىمۇ مول مەنىۋى ئوزۇقلارنى ئاتا قىلىشىنى، يەنىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ، ئەلگە تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەمدە ئۇنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، تۇرمۇشىغا بەخت، قەلىمىگە يەنىمۇ ئۇتۇق ۋە بەرىكەت تىلەيمەن.

تەھرىرلىگۈچى: **قەيسەر قەييۇم**



ژۇرنىلىمىز سىزگە ھۇزۇر بېغىشلىسا، دوستلىرىڭىزغا ئېيتىڭ!
ژۇرنىلىمىزغا قارىتا پىكىر – تەلەپلىرىڭىز بولسا، بىزگە ئېيتىڭ!

二00八年
第二期

# 文学译丛

副主编
凯沙尔·柯尤木（编审）
编辑部主任
卡的尔·拉合满（译审）

卷 首 语
文学艺术与真善美 .................. 温家宝 （吾 · 司马依 译）1
中 篇 小 说
我最怕黑夜 ..................... 乔叶 （涅 · 穆萨巴耶娃 译）3
短 篇 小 说
把美女嫁给乞丐 .................... 吕新建 （阿·穆合木德 译）41
出了问题的女县长 .................. 刘国芳 （阿·尕斯力 译）44
母语争霸战 ...................... 王春华 （普·阿曼亚尔 译）47
航标灯 .......................... 扬建国 （阿·艾力托克 译）50
一个烟头 ........................ 刘绍泉 （木·托克逊 译）52
诗 歌
新荷花集 ....................... 元人.. 等（伊利夏提 译）54
杂 文
面具 ............................ 姜铁军 （卡·塔力甫 译）58
署名 ............................ 愈彪 （卡·塔力甫 译）60
三个穷人 ........................ 孙勇 （阿·阿不来提 译）62
外 国 文 学
祸不单行 ..........［俄］安德列·斯米里亚更 （阿·乃依木 译）64
东 西 南 北
古希腊与欧洲文明 .................. 大于 （霍·优努斯 译）66
档案室里的决密文件 ...........［美］约·巴伦 （吾·卡迪尔 译）72
文 摘 荟 萃
1947 年法国离社会主义有多远 ...... 韩仁川（玛·阿吉亚克甫 译）83
翻 译 研 究
论热合曼·马木提译作的艺术成就 ................ 玛·阿吉亚克甫 91

责任编辑：木再帕尔　　封面设计：祖力菲娅
封一图来源：百度网　　题图（7 幅）：黄永中
校对：克尤木．吐尔逊　　打字排版：玛丽亚木、哈斯亚提

## ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان زاھىدان مامۇت ئەدەبىي تەرجىمە ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر








سۈرەتلەرنى ئەيزچان ئالىپ تارتقان


( ئىلىق ئەدەبىي ژۇرنال ) 2008 - يىل 2 - سان




文学译丛(月刊)　　二00八年第二期

主办：新疆维吾尔自治区文联

编辑：《文学译丛》编辑部

（乌鲁木齐市友好南路716号）

邮编：830000 电话：4516459

出版：新疆人民出版社

订阅：全国各地邮局

发行：乌鲁木齐市邮局

排版：乌鲁木齐迪卡计算机商务有限公司

印刷：乌鲁木齐大金马印务有限责任公司

国内统一刊号：CN65—1050/I　刊号：58——51　每册零售：4.60 元